# تىل ۋە تەرجىمە

# 语言与翻译



1982 1

# 目　　录

总结经验，加强团结，进一步搞好民族语文工作和翻译工作………
……………………………………………………………司马义·艾买提（ 1 ）
宋致和同志在自治区翻译工作会议上的讲话……………………………（ 3 ）
梅合买提·司马益同志在自治区翻译工作会议上的报告……………（ 11 ）

搞好翻译工作，为四化建设作出更大的贡献…………………朱英武（ 26 ）

语　言　学　知　识

论经典著作的语汇………………………………………包吾东·卡德尔（ 36 ）

翻　译　理　论　知　识

试谈书面语翻译中的思想和语言问题…………………………马维汉（ 43 ）
谈谈翻译原则…………………………………………………格拉吉丁（ 50 ）

翻　译　研　究

浅谈翻译工作中的几个问题……………………伊布拉音·艾合买地（ 67 ）
翻译的基本问题是语言问题…………………………艾里·阿比提（ 84 ）
迎接翻译的春天………………………………………托合提·巴海（ 99 ）

翻　译　人　物　介　绍

鲁迅是杰出的翻译家…………………………………………戈宝权（105）

简　　讯

自治区翻译协会主席、副主席、秘书长名单………………………（115）
自治区翻译协会顾问名单……………………………………………（115）
自治区翻译协会常务理事会理事名单………………………………（115）
自治区翻译协会理事名单……………………………………………（115）
稿约……………………………………………………………………（117）

# بۇ سانىدا


تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، مىللىي تىل - يېزىق خىزمىتىنى ۋە تەرجىمە خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەيلى ......**ئىسمايىل ئەھمەت** ( 1 )

ئاپتونوم رايونلۇق تەرجىمە خىزمىتى يىغىنىدا يولداش سۇڭ جىرخېنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ...... ( 3 )

تەرجىمە خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى ......**م. ئىسمايىل** ( 11 )

تەرجىمە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى ......**جۇ يىڭۋۇ** ( 26 )


## تىل بىلىمىگە دائىر


كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ تىل بايلىقى توغرىسىدا ......**ب. قادىر** ( 36 )


## تەرجىمە نەزەرىيىسىگە دائىر


تەرجىمىدە مەزمۇن بىلەن شەكىل بىردەك تولۇق ئىپادىلىنىشى كېرەك ......**ما ۋېيخەن** ( 43 )

تەرجىمە پىرىنسىپلىرى ھەققىدە ......**غ. ئوسمان** ( 52 )


## تەرجىمە تەتقىقاتى


تەرجىمە خىزمىتىگە دائىر بىر نەچچە مەسىلە ......**ئى. ئەخمەدى** ( 67 )

تەرجىمىدىكى تۈپ مەسىلە — تىل مەسىلىسى ......**ئى. ئابىت** ( 84 )

تەرجىمە ساھاسىنىڭ باھارىنى كۈتۈۋالايلى ......**ت. باقى** ( 99 )


## ئاتاقلىق تەرجىمانلار


لۇشۈن — ئاتاقلىق تەرجىمە مۇتەخەسسىسى ......**گې باۋچۈەن** ( 105 )

## خەۋەرلەر


تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپلىرىنىڭ
ئىسىملىكى ........................ ... ................................ (115)
تەرجىمانلار جەمئىيىتى مەسلەتچىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى .............. (115)
تەرجىمانلار جەمئىيىتى ئىجرائىيە ھەيئىتى دائىمى ھەيئەت ئەزالىرى-
نىڭ ئىسىملىكى ........................................................ (115)
تەرجىمانلار جەمئىيىتى ئىجرائىيە ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى (115)
بىر نەچچە تەنتەربىيە ئاتالغۇسى ھەققىدە تەكلىپ ............... ي. قاسىم (117)
ژورنالغا ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ........................ ... ... (118)

# تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، مىللىي تىل - يېزىق خىزمىتى ۋە تەرجىمە خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەيلى

ئىسمايىل ئەھمەت

«تىل ۋە تەرجىمە» ژورنىلى ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە، ئۈستۈن روھ بىلەن تىرىشىپ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت يارىتىۋاتقان باھار كۈنلىرىدە نەشردىن چىقتى.

بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي تىل - يېزىق خىزمىتى ۋە تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى. مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن مىللىي تىل - يېزىق خادىملىرى ۋە تەرجىمانلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

رايونىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايون، رايونىمىزدا مىللىي تىل - يېزىق خىزمىتى ۋە تەرجىمە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا، شۇنداقلا ئىنقىلاپ ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىپ - ياشنىشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا مىللىي تىل - يېزىق خىزمىتىنى ۋە تەرجىمە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي تىل - يېزىق خىزمىتى ۋە تەرجىمە خىزمىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى. لېكىن بۇ خىزمەتتە كېيىن بەزى ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ كۆرۈلدى، بولۇپمۇ 10 يىللىق بالايى - ئاپەت مەزگىلىدە، مىللىي تىل - يېزىق خىزمىتى ۋە تەرجىمە خىزمىتى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەر قايسى جەبھەتتىكى خىزمەتلەر خوتقا چۈشتى، مىللىي تىل - يېزىق خىزمىتى ۋە تەرجىمە خىزمىتىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار» دا دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 32 يىلدىن بۇيانقى ئاساسىي تەجرىبە - ساۋاقلار ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا يەكۈنلىنىپ، بۇنىڭدىن

كېيىنكى ئىنقىلاۋىي خىزمەت ئۈچۈن توغرا يۈنۈلۈش كۆرسىتىپ بەردى. بىز
«قارار» نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ روھىنى ھەقىقىي ئۆزلەشتۈرۈشىمىز، ئې-
دىيىنى «قارار» نىڭ روھى بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز لازىم. جۇڭگو ئىنقى-
لاۋىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدا قىلىنغان ئىشلارنىڭ (جۈملىدىن مىللىي
تىل - يېزىق خىزمىتى ۋە تەرجىمە خىزمىتىنىڭ) تەرەققىيات تارىخى شۇنى مۇ-
نازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلاپ بەردىكى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسى بولمىسا، يېڭى جۇڭگو بولمايتتى»، «جۇڭگونى سوتسىيالىزىملا قۇتقۇزالايدۇ»،
«ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى - پارتىيىمىزنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى، ئۇ، بىزنىڭ
ھەركىتىمىزگە ئۇزاققىچە يېتەكچىلىك قىلىدۇ»، «مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ
ئىتتىپاقلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى — بۇ، ئىشلىرىمىزنىڭ
جەزمەن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى». مىللىي تىل - يېزىق خىزمىتى
ۋە تەرجىمە خىزمىتىدە بىز پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 -
ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ۋە 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ
روھىنى قەتئىي، ئىككىلەنمەي ئىجرا قىلىپ، 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ،
مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا
قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەممە ئەمەلىيەتنى نەزەردە تۇتۇش،
نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي تىل-
نىڭ ئالاھىدىلىكىگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەتنى پۇختا قانات يايدۇرۇشى-
مىز، مىللىي تىل - يېزىق خىزمىتى ۋە تەرجىمە خىزمىتىنىڭ توغرا يۈنۈلۈشىنى
بويلاپ، ساغلام ۋە پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز لازىم.

«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنىشى ئاپتو-
نوم رايونىمىزدىكى مىللىي تىل - يېزىق خىزمەتچىلىرى ۋە تەرجىمانلار ئۈچۈن ئۆز
ئارا ئۆگىنىش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇش، مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە
قىلىش بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش باغچىسى ئېچىپ بەردى. بۇ ژۇرنالنى ياخ-
شى چىقىرىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي تىل-
يېزىق خادىملىرى ۋە تەرجىمانلار پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تېخىمۇ زىچ ئىتتى-
پاقلىشىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە، يەنىمۇ روھلىنىپ، ئۆز خىزمىتىنى تىرىشىپ
ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي تىل - يېزىق خىزمىتى ۋە تەرجىمە
خىزمىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنى يەنىمۇ
زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ۋە زامانىۋىلاش-
تۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، تېخىمۇ زور تۆھپە
قوشۇشلىرى لازىم.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1- نۆۋەتلىك تەرجىمانلار خىزمەت يىغىنىنىڭ دوكلاتلىرىدىن

## ئاپتونوم رايونلۇق تەرجىمە خىزمىتى يىغىنىدا يولداش سۇڭ جىڭخېنىڭ سۆزلىگەن سۆزى

(1981 - يىل 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى)

يولداشلار:

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، 6- ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغان «پارتىيىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا قارار» نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالدىغا قاراپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇۋاتقان پەيتتە، ئاپتونوم رايونلۇق تەرجىمە خىزمىتى يىغىنى بۈگۈن ئېچىلدى. مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرگە، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت تەرجىمانلىرىغا سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن، ئۇلاردىن ھال سورايمەن ۋە ئۇلارنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن!

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەمدىلا ئاياقلاشقان 6- ئومۇمىي يىغىنى پارتىيىمىز تارىخىدا يەنە بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن بولدى. ئۇ پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كەلگۈسىگە يول ئېچىشتا يېڭى بىر نامايەندە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندا ماقۇللانغان قاراردا پارتىيىمىزنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 32 يىلدىن بۇيانقى ئاساسىي تەجرىبە - ساۋاقلىرى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا يەكۈنلەندى. بىر قاتار زور تارىخىي ۋەقەلەر تەھلىل قىلىندى ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىلدى. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەندى، ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىمىز يەنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى. ئۇ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە ھەر مىللەت خەلقىمىزنىڭ ھەق - ناھەقنى ئايرىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىتتىپاقلىشىپ ئالدىغا قاراش ۋە پارتىيىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى يەنىمۇ ئىزچىل ئىجرا قىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى بويلاپ باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز لازىم.

بۇ قېتىم ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېچىلغان تەرجىمە خىزمىتى يىغىنى شىنجاڭ ئازات
بولغان 32 يىلدىن بۇيان مۇشۇ ساھە بويىچە ئېچىلغان تۇنجى قېتىملىق يىغىن. ئاپ-
تونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئىنتايىن ئەھمىيەت
بەردى. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" دىن ئىلگىرى، مۇشۇنداق بىر تەرجىمە خىزمىتى
يىغىنى ئېچىشنى ئويلاشقان بولساقمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئاچالمىغان ئىدۇق. ھا-
زىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنى روھى-
نىڭ يېتەكچىلىكىدە، خەلق ئىگىلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەڭشەشتىن ئىبارەت
مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. دېمەك، مۇشۇنداق
مۇھىم پەيتتە بۇ قېتىمقى تەرجىمە خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى، ئۇ، ئاپتونوم رايونىمىز-
نىڭ تەرجىمە خىزمىتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ۋە گۈللىنىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر
مىللەت تەرجىمانلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ۋە كەس-
پىي ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك 4 نى
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشقۇسى.

تەرجىمە خىزمىتى پارتىيە بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە ۋە
كۆۋرۈك بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، ئۇنىڭ رولى چوڭ،
پارتىيىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونىدا قانات يايدۇرغان ھەر بىر خىزمىتى تەرجىمە
خىزمىتىدىن ئايرىلالمايدۇ، تەرجىمە خىزمىتىدىن ئايرىلغاندا، پارتىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى
قانات يايدۇرۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومى-
تېتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى
ئاستىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوت-
سىيالىستىك قۇرۇلۇشتا ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ھەر قايسى سەپلەردە
يەر - جاھاننى زىل - زىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇ نەتىجىلەر-
نىڭ قولغا كېلىشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا ئۇ
ھەر مىللەت تەرجىمانلىرىنىڭ جاپالىق مېھنىتىدىن ئايرىلمايدۇ.

ماۋجۇشى ۋە جۇۋزۇڭلىلار تەرجىمە خىزمىتىگە ئەزەلدىن كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئەھمىيەت
بېرىپ كەلگەن، تەرجىمە خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن
ئىدى، پارتىيىنىڭ 7- قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا: "تەرجىمانلىق قىلىدىغان يولداش-
لارغا سەل قارىماسلىق كېرەك. تەرجىمان بولمىسا كوممۇنىستىك پارتىيىمۇ بولمايتتى.
يولداشلار، ئەگەر چەتئەللەرنىڭ نەرسىلىرى ئاز - تولا تەرجىمە قىلىنمىسا، جۇڭگو ماركس-
سىزىم، لېنىنىزىمدىن قانداقمۇ خەۋەر تاپسۇن؟" دەپ كۆرسەتكەن ئىدى، جۇۋزۇڭلىمۇ تەر-
جىمە خىزمىتىگە قارىتا نۇرغۇن يوليورۇقلارنى بەرگەن ھەمدە «چەتئەل تىلى تەرجىمە-

شىكە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، مىللىي تىل تەرجىمىسىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك» دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ماركسىزم - لېنىنىزم جۇڭگوغا تەرجىمە ئارقىلىق تونۇشتۇرۇلغان، ماركسىزم - لېنىنىزم بولغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بارلىققا كەلگەن، جۇڭگو ئىنقىلاۋى غەلىبىگە ئېرىشكەن. شۇنىڭدەك، مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىمۇ كەڭ تەرجىمانلارنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىسا، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئامما ئارىسىغا كەڭ تارقالمىغان بولاتتى، پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھەر مىللەت خەلقىگە ئىگىلىتىش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇ- ئۈمىدلىرى بىلەن تەلەپلىرىمۇ پارتىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەردەرىجىلىك ئورگانلىرىغا ۋاقتىدا ئىنكاس ئەتتۈرۈلمىگەن بولاتتى؛ كەڭ تەرجىمانلارنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىسا، دۇنيادىكى ئىلغار پەن-تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى، مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ پەن-تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئىشقا ئاشمىغان بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، تەرجىمە خىزمىتى مىللەتلەر ئارىسىدا ئوي-پىكىر ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش جەھەتلىرىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم رولغا ئىگە. بولۇپمۇ بىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا تەرجىمە خىزمىتىنى ئوبدان يولغا قويۇش پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى مۇستەھكەملەش، مىللىي باراۋەرلىك ۋە تىل -يېزىق باراۋەرلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم تەركىۋىي قىسمى. ئاساسىي قانۇندا: "ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە" دەپ بەلگىلەنگەن. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە ئائىت سىياسەتلەردىمۇ "ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا يىغىن ئېچىش ۋە ئالاقە يۈرگۈزۈشتە ئىككى خىل - يېزىقنى قوللىنىش شەرت" دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەرجىمە خىزمىتىنى ياخشى يولغا قويۇش ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تېچ ۋە ئىتتىپاق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ پەن-مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تەرجىمە خىزمىتى - تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋىي قىسمى. ئۇ ھەم ئىلمىلىككە، ھەم ئىجادىيخاراكتېرغا ئىگە. جوزوگلى: "تەرجىمە خىزمىتى ئانچە ئاسان ئەمەس، ئۇنى ئۇنچىۋالا ئاسان چاغلىماسلىق لازىم. بىرنەچچە ئېغىز-سۆز قىلماق قىيىن ئەمەس، لېكىن ئۇنى دەل جايىدا تەرجىمە قىلىش ھەقىقەتەن قىيىن" دەپ كۆر-

سەتكەن ئىدى، شۇڭلاشقا، تەرجىمانلار سىياسىي جەھەتتە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تىكلەپ، يۈكسەك كەسپچانلىقتا، ئىدىيىۋى سەۋىيە ۋە سىياسەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كەسپىي جەھەتتە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئىككى خىلدىن ئارتۇق تىل-يېزىقنى بىلىشى، تەرجىمە تېخنىكىسىنى پىششىق ئىگەللىۋېلىشى ھەمدە ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەنگە ئائىت مەلۇم ئاساسىي بىلىملەرگە، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرى ۋە ئەدەبىيات بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشى لازىم. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ھەقىقىي يۇقۇرى سەۋىيىلىك تەرجىمان بولۇش ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن جاپالىق مېھنەت سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. تەرجىمانلارنىڭ ۋەزىپىسى جاپالىق ۋە شەرەپلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھەقىقىي يوسۇندا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، ئاسرىشى ۋە قوللىشىغا سازاۋەر بولۇشى كېرەك. تەرجىمە خىزمىتىگە ۋە تەرجىمانلارغا سەل قارايدىغان ياكى تەرجىمە خىزمىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلمايدىغان قاراشلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن خاتا، ئۇنى قەتئىي تۈگىتىش ۋە تۈزىتىش كېرەك.

يولداشلار، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 30 نەچچە يىللىق مۇساپىسىنى ئەسلىگىنىمىزدە، تەرجىمە خىزمىتىدە قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنىڭ غايەت زور ئىكەنلىكىنى خۇشاللىق بىلەن كۆرۈۋالالايمىز. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نەشرىيات تارماقلىرى نۇرغۇنلىغان ماركس، لېنىن ئەسەرلىرى، ماۋجۇشى ئەسەرلىرى، نۇرغۇنلىغان سىياسىي — نەزەرىيە كىتابلار، پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى دەرسلىكلىرىمۇ ئاساسەن تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ھەربىي قىسىم مەكتەپلەرمۇ زور مىقداردىكى ھۆججەت — ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىپ تارقاتتى. ئاخبارات رادىيو تارماقلىرىمۇ ھەركۈنى دېگۈدەك نۇرغۇن خەۋەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ ئاممىغا تارقىتىدۇ ۋە ئاڭلىتىدۇ. ھەرقايسى سەپلەردىكى تەرجىمانلار ئۆزلىرىنىڭ مېھنىتى ئارقىلىق پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى ۋە ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئامما ئارىسىغا ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزدى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرجىمە خىزمىتىنىڭ كۆلىمى تارىختىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن ئېشىپ كەتتى، ھەمدە بۇ جەھەتتە مىسلىسىز مول تەجرىبىلەر توپلاندى. بۇ نەتىجە ۋە تەجرىبىلەرگە كەڭ تەرجىمانلارنىڭ جاپالىق ئەجرى ۋە يۈرەك قېنى سىڭگەن. كەڭ تەرجىمانلار پارتىيىنىڭ تەرجىمە ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، پارتىيە مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىپ، شەخسىي پايدا-زىيىنى بىلەن ھېسابلاشماي، پارتىيە، خەلق ئۈچۈن كېچە-كۈندۈزلەپ ئاكتىپ، جاپالىق

خىزمەت ئىشلەپ، ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىدا زور تۆھپىلەرنى قوشتى، مانا بۇلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەرجىمانلار قوشۇنىنىڭ سىناقلاردىن ئۆتكەن، مەلۇم ئاساسقا ئىگە قوشۇن ئىكەنلىكىنى، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا كەم بولسا بولمايدىغان كەسپىي تېخنىكا كۈچى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرى تەرجىمە خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. تەرجىمە خىزمىتىنى ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن، پارتىيىمىز پىششىقدەم تەرجىمانلارنى ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بەرگەندىن باشقا، يەنە زور تۈركۈمدىكى ياش تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەرجىمانلارغا سىياسىي مۇئامىلە، تۇرمۇش تەمىناتى قاتارلىق جەھەتلەردە گوۋۇيۈەنىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە مۇۋاپىق ئېتىبار بەردى. لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، "سول" ئىدىيىنىڭ تەسىرى، بولۇپمۇ لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" دىكى بۇزغۇنچىلىقى ۋە كاشىلىسى تۈپەيلىدىن پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ئاياق - ئاستى قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن تەرجىمە خىزمىتىمۇ بىر قېتىم زور ئاپەتكە ئۇچرىدى. "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىپ، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكتىن، تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىمۇ ياخشىلاندى. لېكىن "سول" خاتالىقنىڭ تەسىرى ئۈزۈل - كېسىل تۈگىتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، تەرجىمە خىزمىتىدە ساقلانغان نۇرغۇن مەسىلىلەر يەنىلا تۈپ جەھەتتىن ھەل قىلىنمىدى. مەسىلەن: بەزى ئورۇنلاردىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ تەرجىمە خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىدى ۋە بۇ خىزمەتكە دىگەندەك ئەھمىيەت بەرمىدى، تەرجىمانلارغا زۆرۈر بولغان ئۆگىنىش ۋە خىزمەت شارائىتى ھازىرلاپ بېرىلمىدى؛ بەزى تارماقلار قۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان تەرجىمە ئاپپاراتلىرىنى قۇرمىدى، سەپلەشكە تېگىشلىك تەرجىمانلارنى سەپلىمىدى، يىغىن ئاچقاندا شۇ جاينىڭ مىللىي تىلىنى قوللانمىدى. ئالاقە يۈرگۈزگەندە شۇ جاينىڭ مىللىي يېزىقىنى ئىشلەتمىدى؛ بەزى يولداشلار مىللىي تىل - يېزىق تەرجىمانلىرىغا ھۆرمەت قىلمىدى، مىللىي تىل - يېزىق تەرجىمانلىرىنى كەسپىي خادىم دەپ قارىمىدى، ئۇلارغا باشقا پەن - تېخنىكا خادىملىرى بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلمىدى. ھەتتا بەزى كىشىلەر تەرجىمانلارنىڭ كادىر ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلمىدى. نەتىجىدە بەزى تەرجىمانلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى تېگىشلىك دەرىجىدە ياخشىلانمىدى؛ بەزى جايلار ۋە تارماقلار تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، تەرجىمە سېپىدە "سېرىقتال" ھالەت شەكىللىنىپ قالدى، بەزى تەرجىمانلار مۇۋاپىق ئىشقا سېلىنمىدى؛ بەزى تەرجىمانلارنىڭ ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلىرى ئۈزۈل - كېسىل پۈتكەن قىلىنمىدى، ۋاھاكازالار. ئۇنىڭدىن

باشقا تەرجىمانلار قوشۇنىمىزدا بەزى يولداشلار تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئور-
نى تۆۋەن دەپ قاراپ، ئۆز خىزمىتىنى خاتىرجەم ئىشلىمىدى، نەتىجىدە كەسپچانلىقى
كەمچىل، تەرجىمە سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئېھتىياجىغا ئۇي-
غۇنلىشالمىدى. بۇ مەسىلىلەرنى جىددىي ھەل قىلىش زۆرۈر.

يۇقۇرقى مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل قىلىش ئۈچۈن، مېنىڭچە، ئاساسلىقى، يەنىلا
تونۇش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش، بولۇپمۇ رەھبەرلىكنىڭ تونۇش مەسىلىسىنى ئوب-
دان ھەل قىلىش كېرەك. تونۇش ئۆستۈرۈلسىلا، ئاندىن تەرجىمە خىزمىتىگە ئەھمىيەت
بېرىلىدۇ. رەھبەرلىك ئەھمىيەت بەرسىلا خىزمەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئاسان بولىدۇ.
بۇ قېتىمقى يىغىنغا نېمە ئۈچۈن ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ئىشخانا مۇدىرلىرى، كادىرلار ئىدارى-
سىنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئورگانلاردىكى ئالاقىدار رەھبەرلەر قاتناشتۇرۇلىدۇ؟
بۇنىڭدىكى ئاساسىي مەقسەت تونۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. تەرجىمە خىزمىتى
ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەرگىز بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان خىزمەت بولماستىن،
بەلكى بولمىسا زادىلا بولمايدىغان خىزمەت: تەرجىمانلار قوشۇنىنىڭ سانى ۋە سۈپىتى
بىر يەرگە بېرىپ قالدى ئەمەس، بەلكى ئۇنى داۋاملىق كۈچەيتىش ۋە ئۆستۈرۈش لازىم.
دېمەك بۇ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى. يولداشلارنىڭ قايتىپ بار-
غاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىغا، ھۆكۈمەتلەرگە ۋە ئالاقىدار
رەھبەرلەرگە دوكلات قىلىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تەرجىمە
خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئوبدان ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت
تەرجىمانلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ تەرجىمە خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى
ئىشلەشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرى چوقۇم تەرجىمە
خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرجىمە
ئىشلىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى. "سول"
ئىدىيىنىڭ تەرجىمە خىزمىتىگە بولغان تەسىرلىرىنى داۋاملىق تۈردە تازىلاپ، لىن بياۋ،
"4 كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ مىللىي مەسىلىدە تارقاتقان ئەكسىيەتچى سەپسەتىلىرىنى چوڭ-
قۇر پېپەن قىلىپ، مىللىي تىل - يېزىق تەرجىمە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى ھەر دە-
رىجىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىۋىگە
كىرگۈزۈش كېرەك. ھەر مىللەت تەرجىمانلىرى ھورمەتكە سازاۋەر بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ
ئىجتىمائىي ئورنى ئۆستۈرۈلۈشى لازىم. بۇنىڭدىن كېيىن چاقىرىلىدىغان پارتىيە قۇرۇلتى-
يى، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرى، پەن - تېخنىكا يىغىنىنى قاتارلىقلارغا
مىللىي تىل - يېزىق تەرجىمانلىرىدىن مۇۋاپىق تۈردە ۋەكىل قاتناشتۇرۇشنى ئويلىشىش
كېرەك. مىللىي تىل - يېزىق تەرجىمانلىرىغا چەت ئەل تىلى تەرجىمانلىرى، پەن - تېخ-

ئىنكا خادىملىرى ۋە باشقا كادىرلار بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ئۇلارنى ھەرگىز كەمسىتىشكە بولمايدۇ. تەشكىلات، كادىرلار، پەن - تېخنىكا تارماقلىرى مىللى تىل - يېزىق تەرجىمانلىرىنى باشقا پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى دائىم ئىگىلەپ تۇرۇشى، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەملىشىشى لازىم.

بۇ قېتىمقى تەرجىمە خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن، جايلار بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، تەرجىمە خىزمىتى ئۈستىدە بىر قېتىم ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىشى، تەرجىمانلارغا ئائىت سىياسەت، بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، تەرجىمانلار قوشۇنىنى تولۇقلىشى ۋە كۈچەيتىشى كېرەك. ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئىككى خىل يېزىقتا ئالاقە يۈرگۈزۈشكە دائىر بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى قاتناشقان يىغىنلارغا تەرجىمان سەپلەش كېرەك. خىزمەت ئىپادىسى ئىزچىل ياخشى بولغان ھەمدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان تەرجىمانلارنى تەقدىرلەپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەرجىمە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىش لازىم. تەرجىمانلارغا سىياسىي جەھەتتە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا بولغان ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، شەرتى ئاساسەن پىشىپ يېتىلگەن تەرجىمانلارنى پارتىيە، ۋە ئىتتىپاق تەشكىلىگە ۋاقتىدا قوبۇل قىلىش كېرەك، تەرجىمانلارنى كەسپىي ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئوبدان تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيەسىنى ۋە تەرجىمە سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، خىزمەت ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك. تەرجىمە قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىز باسارلارنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويماسلىق لازىم. نۆۋەتتە، نۇرغۇن تارماقلارنىڭ تەرجىمە ۋەزىپىسى ئېغىر، لېكىن تەرجىمانلار ناھايىتى كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ مەسىلىگە ئېتىبار بېرىلمەيدىكەن، تەرجىمە خىزمىتىدە جەزمەن ئىز باسار ئۈزۈلۈپ قېلىش خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا، ئاپتونوم رايون ھەر يىللىق ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملاردا بىر تۈركۈم تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرگەندىن باشقا جايلار ۋە تارماقلارمۇ ئاكتىپ ۋە پىلانلىق تۈردە بەزى مەكتەپلەرنى ياكى كۇرسلارنى ئېچىپ، تەرجىمانلارنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەپ، تەرجىمە قوشۇنىنى كېڭەيتىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھازىرقى تەرجىمانلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتىنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. كەسپىنى ئۆزگەرتكەن تەرجىمانلارنى مۇمكىن قەدەر قوشۇنغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۆگەنگىنىنى ئىشلىتىش، ھەممە كىشىنى ئۆز قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. نۆۋەتتە تەرجىمان كادىرلارغا كەسپىي ئۇنۋان بېرىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، ھەر مىللەت تەرجىمانلىرىنى كەسپىنى بېرىلىپ ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ھەم قىزىللاشقان، ھەم ئىختىساسلاشقان

تەرجىمە كادىرلىرى قوشۇنىنى بەرپا قىلىش كېرەك. تەرجىمانلارغا تېخنىكا ئۇنۋانى بېرىش — بىر يېڭى خىزمەت، بۇ جەھەتتە تەجرىبىمىز كەم، شۇڭا ھەر دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلارنىڭ يېقىندىن ماسلىشىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، سىياسەت - بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئىدىيىۋى تەربىيىنى ياخشى ئىشلەپ ئۇنۋان بېرىش خىزمىتىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يولداشلار، "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن نۇرغۇن ساھەلەرنىڭ ئىلمىي تەشكىلاتلىرى ئارقا — ئارقىدىن قۇرۇلدى، كەڭ تەرجىمانلارمۇ ئۆز تەشكىلاتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، ئۆز ئارا بىرلىشىپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى تەقدىم قىلىشنى ئارقا - ئارقىدىن تەلەپ قىلدى. بىزنىڭچە، نۆۋەتتە تەرجىمانلار جەمئىيىتىنى قۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالدى، ھەممە ئۆلكىنىڭ شەرت - شارائىتلىرىمۇ پىشىپ يېتىلدى. جەمئىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت تەرجىمانلىرى بىلەن كەڭ ئالاقە باغلىغىلى ۋە ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرغىلى، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى ۋە ئەھۋالىنى دائىم ئىگىلەپ، ئۇنى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرىي تارماقلىرىغا ئىنكاس قىلىپ تۇرغىلى ھەممە ئۇلارنىڭ قانۇنىي ئورنى ۋە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ؛ تەرجىمە نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ۋە ئىلمىي ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، تىل - يېزىق تەرجىمىسىگە دائىر مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ؛ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەرجىمانلارنى تەربىيىلەش، نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش، بىلىم ئاشۇرۇش پىلانلىرىنى تۈزۈشكە ياردەملىشىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، تەرجىمە قوشۇنىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ؛ جەمئىيەتنىڭ ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ، تەرجىمە ئۆگىنىشكە ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاپ، تۈزۈپ ۋە باستۇرۇپ، تەرجىمانلارنى ئۆگىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ. قىسقىسى، جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى كەڭ تەرجىمانلارغا نىسبەتەن ناھايىتى چوڭ مەدەت ۋە ئىلھام، شۇنداقلا پۈتكۈل تەرجىمە خىزمىتىگە نىسبەتەنمۇ ناھايىتى زور تۈرتكە.

يولداشلار، بىز ھازىر جۇڭخۇا مىللىتى گۈللىنىۋاتقان ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرماقتىمىز. بۇرۇن سىلەر تەرجىمە خىزمىتىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۈڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن، سوتسىيالىستىك 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا، تەرجىمانلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ بارغانسېرى يۇقىرى بولىدۇ.

بىز چوقۇم ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئاچقان ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، 6 - ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغان قارارنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تەرجىمە خىزمىتىنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن

# تەرجىمە خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىۋى يولداش مەھەممەت ئىسمايىلنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تەرجىمە خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان دوكلادى

( 1981 - يىلى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ) .

يولداشلار:

پۈتۈن مەملىكەتتە پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى داغدۇغىلىق خاتىرىلىنىۋاتقان، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك يېپىلغانلىقى قىزغىن تەبرىكلىنىۋاتقان، پۈتۈن مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى چوڭ ياخشىلىنىشقا قاراپ ماڭغان ئەھۋالدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرجىمە خىزمىتى يىغىنى بۈگۈن ئېچىلدى.

بۇقېتىمقى يىغىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت تەرجىمانلىرىنىڭ 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى بىرىنچى قېتىملىق زور يىغىنى. بۇ يىغىننىڭ چاقىرىلىشى ئاپتونوم رايونىمىزدا تەرجىمە خىزمىتىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر بىز ئاپتونوم رايونلۇق تەرجىمە خىزمىتى يىغىنىغا تەييارلىق

---

خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ تەرجىمە ئىشلىرىغا داۋاملىق سادىق بولۇشىمىز، ئۆز خىزمىتىمىزنى قىزغىن سۆيۈپ، كەسپىي قېتىقىنىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى سەۋىيىمىزنى ۋە كەسپىي تېخنىكا سەۋىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ھەم قىزىللىقنى، ھەم ئىختىساسلىقنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، جاپالىق ئەمگەك بىلەن تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك مۇۋاپپەقىيەتلەرنى يارىتىپ، سوتسىيالىستىك 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

ئاخىردا يىغىننىڭ تولۇق مۇۋاپپەقىيەت قازىنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

كورۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بۇيەردە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئەسلەپ ئۆتىمەن ھەمدە يولداشلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرجىمە خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلىپ يەكۈنلىگەندە پايدىلىنىشى ئۈچۈن، بۇندىن كېيىنكى تەرجىمە خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا دەسلەپكى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

## 1. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرجىمە خىزمىتىنى ئەسلەش

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 32 يىلدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەرجىمە خىزمىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ھازىر، ئاپتونوم رايوندىن تارتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى، مەكتەپلەر ۋە قىسمەن زاۋۇت، كان، كارخانىلارغىچە ھەممىسىدە تەرجىمە باشقارمىسى، ئىشخانىلىرى قۇرۇلدى ياكى مەخسۇس تەرجىمانلار، تەرجىمە خىزمىتىنى قوشۇمچە ئىشلىگۈچىلەر قويۇلدى، ئاخبارات، نەشرىيات تارماقلىرىدىمۇ تەرجىمە كۈچى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاندى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ۋاقتىدا يەتكۈزۈلۈشى، ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ھەم تەشۋىق قىلىنىشى كاپالەتكە ئىگە بولدى. بولۇپمۇ كىشىنى خۇرسەن قىلىدىغىنى شۇكى، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىنىڭ چېنىقتۇرۇشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا خېلى سەۋىيىگە ئىگە بولغان تەرجىمە قوشۇنى كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، ساغلام ئۇسۇپ يېتىلدى. بۇ قوشۇن ئىچىدە، ئۇزاق مۇددەتلىك تەرجىمە خىزمىتى تەجرىبىسىگە ئىگە بىر تۈركۈم پىشقەدەم يولداشلار بار، ئۇلار ئازاتلىقنىڭ دەسلىۋىدىلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە قاتنىشىپ، جاپالىق ئىگىلىك تىكلەش يىللىرىدا پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى؛ بىر تۈركۈمى ئازاتلىقنىڭ دەسلىۋىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە تارماقلىرى ۋە بەزى مەكتەپلەر ئاچقان تەرجىمانلار كۇرسلىرىدا يېتىشتۈرۈلگەن تەرجىمانلار؛ بىر تۈركۈمى كېيىن مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەردە يېتىشتۈرۈلگەن ياش ئىختىساسلىق تەرجىمانلار. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدا ھازىر ھەرخىل مىللىي تىل - يېزىق ۋە چەتئەل تىلى تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان 3700 دىن ئارتۇق تەرجىمان بار. بۇ تەرجىمە قوشۇنى ئاپتونوم رايونىمىزدا تەرجىمە خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ شەرتى، ئاپتونوم رايونىمىز-

نىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان كەسپى كۈچ شۇنداقلا پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى.

32 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت تەرجىمانلىرى ھەر قايسى سەپلەردە، ئوخشاش بولمىغان خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئۆزىنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، چېگرا رايونىنى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈشتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسات ۋە پەن - مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى. كەڭ تەرجىمانلاردىن، مەيلى سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ بىرىنچى سېپىدە كۆرەش قىلىۋاتقان يولداشلار ياكى رەھبىرىي ئورگانلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان يولداشلار بولسۇن مەيلى ئاخبارات، نەشرىيات تارماقلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان يولداشلار ياكى پەن-تېخنىكا، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت تارماقلىرىدا، شۇنىڭدەك ھەر قايسى كەسىپ ۋە ھەر قايسى ساھەلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان يولداشلار بوسۇن، مەلى چېچى ئاقارغان پېشقەدەم يولداشلار ياكى خىزمەتكە يېڭى قاتناشقان ياش تەرجىمانلار بولسۇن ھەممىسى ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدۇ، پارتىيىنى قىزغىن سۆيىدۇ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىدا قېتىرقىنىپ، ئۆگىنىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ تەرجىمە ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، نەچچە ئون يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، جان كۆيدۈرۈپ، زېرىكمەي تېرىكمەي، كۈننى تۈنگە ئۇلاپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا پارتىيە، خەلق ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن تىرىشىپ خىزمەت قىلماقتا. 10 يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىللىرىدىمۇ نۇرغۇن تەرجىمانلار خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرىنى ۋە ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى، پارتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىنى گېزىت - رادىيو خەۋەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋەزىپىسىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن قەتئىي ئورۇنلىدى. "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، كەڭ تەرجىمانلار تېخىمۇ روھلىنىپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلىمەكتە. پارتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنىڭ تېز ۋە توغرا يەتكۈزۈلۈشى ئۈچۈن تەرجىمانلار قانچىلىغان تۈننى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدى؛ ھەر مىللەت خەلقىغە تېخىمۇ كۆپ روھىي ئوزۇق بەخش ئېتىش ئۈچۈن، تەرجىمانلار ناھايىتى زور ئەمگەك سىڭدۈردى؛ ئاساسىي قاتلامدا خىزمەت قىلىۋاتقان تەرجىمان يولداشلار پارتىيىنىڭ سىياسەت، ئەمر پەرمانلىرىنى ۋاقتىدا تەشۋىق قىلىش يولىدا، تاغ ئېشىپ، دەريا كېچىپ، بوران - چاپقۇنلارغا قارىماي، قەيەر ئېھتىياجلىق بولسا شۇ يەردە ھازىر بولىدى. بولۇپمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىشلەۋاتقان خېلى زور بىر تۈركۈم ئىشتىن سىرتقى تەرجىمانلار ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەندىن باشقا، يەنە جاپادىن قاچماي، يېزىق ۋە ئېغىز تەرجىمە ۋەزىپىسىنى

ئۈستىگە ئالدى. بۈگۈن بىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى خۇرسەنلىك بىلەن كۆرمەكتىمىز، ھەر مىللەت خەلقى كەڭ تەرجىمانلارنىڭ بۇ جەھەتتە سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەمگىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ.

32 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرجىمە خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ھەر خىل يېزىقتا نەشر قىلىنغان كىتاب - ژۇرناللارنىڭ سانى ۋە سۈپىتىنىڭ زور دەرىجىدە كۆپەيگەنلىكى ۋە ئۆسكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ۋە ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت يېزىقلىرىدا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى؛ ھەر خىل كىتابلاردىن بولۇپ 4028 خىل كىتاب تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى، بۇ كىتابلارنىڭ ئومۇمىي سانى بىر مىليون 39 مىڭ 243 پارچىغا يېتىدۇ. ھەر خىل دەرسلىكتىن 8215 خىل، جەمى 318 مىليون 854 مىڭ پارچىغا يېقىن؛ ژۇرناللاردىن 317 خىل، جەمى 11 مىليون 885 مىڭ پارچىغا كىتاب تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىنو ۋە سەھنە ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىندى. ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تەرجىمە خىزمىتىدە تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەتلەرگە ماسلىشىپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى تەرجىمە قىلىنغاندىن باشقا، ئاددىيتىنكى بەزى سىياسىي كىتابلار، ئامىباپ كىتابلار ۋە خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىلا تەرجىمە قىلىناتتى. ھازىر تەرجىمە خىزمىتىدە سەۋىيىمىز كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆسۈپ، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ۋە ماۋجۇشىنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرى ھەمدە ھەر خىل پەن - تېخنىكىغا ئائىت مەخسۇس ئەسەرلەر ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلىنىپلا قالماستىن، خەنزۇ خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر كىلاسسىك ئەسەرلىرىدىن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «سۇ بويىدا»، «ئۈچ پادىشالىق ھەققىدە قىسسە» قاتارلىقلارمۇ تەرجىمە قىلىنىپ نەشردىن چىقتى؛ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېسىل مەدەنىي مىراسلىرىدىن «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئوغۇزنامە»، «12 مۇقام»؛ قىرغىزلارنىڭ نادىر ئەدەبىي ئەسىرى «ماناس داستانى» موڭغۇللارنىڭ نادىر ئەدەبىي ئەسىرى «جاڭگىر داستانى» ۋە تاتارلارنىڭ نادىر تارىخىي ئەسىرى «تاۋارىخ خەمسە» قاتارلىقلار خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى ۋە تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە نۇرغۇنلىغان قورال كىتابلار تەرجىمە قىلىندى ۋە تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ ئەسەرلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنىۋى ئوزۇقى بولۇپ قالدى، بۇلارنىڭ تەرجىمە قىلىنىپ نەشردىن چىقىشى ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە ئالماشتۇرۇشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان، تەرجىمە خىزمىتى ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەرنىڭ تىلىنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىمۇ كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. ماركس،

ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ تەرجىمە قىلىنىشى بىلەن، مىللەتلەر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى زور دەرىجىدە بېيىپ، مىللەتلەرنىڭ تىلى تېخىمۇ ئىخچاملاشتى؛ لۇغەت تەركىۋى تېخىمۇ بېيىدى. مىللەتلەرنىڭ تىل جەھەتتە ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، بىرلىكتە ئورتاق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولدى. بۇ يەردە ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئۆزئارا تىل-يېزىق ئۆگىنىشىدە، تەرجىمانلار تەبىئىي ئۇستاز سۈپىتىدە، 2 خىل تىلدا دەرس ئۆتۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تىل ئۆگىنىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئاراچۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرجىمە خىزمىتىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ جەھەتتە ھەر مىللەت تەرجىمانلىرىنىڭ قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى چوڭ بولدى. بۇ ھەممىگە ئايان. لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز لازىمكى تەرجىمە خىزمىتىمۇ باشقا خىزمەتلەرگە ئوخشاشلا، "سول" ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ناھايىتى زور ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى، بۇنى ئەستايىدىل يەكۈنلەشكە، توغرا كېلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئازاتلىقتىن بۇيانقى تەرجىمە خىزمىتى بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىنى ئەسلەيدىغان بولساق، ئومۇمەن مۇنداق بىرقانچە باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ: 1957 - يىلىدىن بۇرۇن، پارتىيىمىز ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئېلىمىزدە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا دائىر بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەرنى بەلگىلىدى ۋە ئىجرا قىلدى. پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوللىنىش ئالاھىدە تەكىتلەندى. تەرجىمە خىزمىتىمۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە سازاۋەر بولدى، پىشقەدەم تەرجىمانلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1958 - يىلىدىن "10 يىللىق ۋەيرانچىلىق" قىچە مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى ۋە تەرجىمە خىزمىتى داۋاملىق ئىلگىرىلىدى، ئاساسى ئېقىم يەنىلا ياخشى، لېكىن "سول" خاتالىقنىڭ تەسىرى بىلەن "مال - مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى" چىقتى، مىللىي خىزمەت ۋە مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىدىمۇ "مىللەتلەرنى قوشۇۋېتىش شامىلى" ۋە "تىلنى قوشۇۋېتىش شامىلى" چىقىپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي شەكىلگە سەل قارايدىغان خاتا خاھىشلار كۆرۈلدى. "10 يىللىق ۋەيرانچىلىق" مەزگىلىدە، لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ"

سولچىل نەزەرىيە ۋە سىياسەتنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇپ، بىر يۈرۈش فېئودال فاشىستىنىڭ مىللىي سىياسەتنى يولغا قويدى، بۇ هال ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرجىمە خىزمىتىگىمۇ زور ئاپەت ئېلىپ كەلدى. تەرجىمە ئاپاراتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلدى. نۇرغۇن تەرجىمانلار "كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدارلار" نىڭ "قۇلچوماقلىرى" ۋە "جىن شەيتان" قىلىپ قويۇلۇپ، سازايى قىلىندى، كۈرەشكە تارتىلدى، بەزىلەر ھەتتا "تازىلاپ چىقىرىلىپ" پاجىئەلىك زەربىگە ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى ھەمدە كەسىپ ئالماشتۇرۇشقا مەجبۇر قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن تارماقلارنىڭ تەرجىمە خىزمىتى توختاپ قېلىپ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن بولۇپمۇ - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە هۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە رەھبەرلىكى ئاستىدا، قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشىلىپ، سىياسەتلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ جايلىرىدا ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلاردا تەرجىمە ئاپاراتلىرى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە تولۇقلاندى. ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەر ئاقلاندى، تەرجىمە خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشكە ۋە كۈچەيتىلىشكە باشلىدى، لېكىن "سول" ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن تەرجىمە خىزمىتىدە يەنىلا بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بۇ مەسىلىلەر ئاساسلىقى مۇنداق: (1) بەزى جايلار ۋە ئورۇنلارنىڭ تەرجىمە خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى هازىرغىچە يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ، ئۇلار تەرجىمە خىزمىتىنى "بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان" ئىش دەپ قاراپ، ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى قاتناشقان يىغىنلارنى ئاچسا شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئىشلەتمەيۋاتىدۇ، ئالاقە يۈرگۈزگەندە شۇ جايدىكى مىللەتنىڭ يېزىقىنى ئىشلەتمەيۋاتىدۇ؛ (2) بەزى ئورۇنلار تەرجىمانلارنى مۇۋاپىق ئىشلەتمەيۋاتىدۇ، ئۇلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۈستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ، ھەتتا تەرجىمانلارنىڭ مەخسۇس تېخنىك خادىم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايۋاتىدۇ؛ (3) بەزى ئورۇنلار تەرجىمانلارغا سىياسىي جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ خىزمەت شارائىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى تېگىشلىك دەرىجىدە ياخشىلاپ بەرمەيۋاتىدۇ، بەزىلەر ھەتتا تەرجىمانلارنى كەمسىتىۋاتىدۇ، نەتىجىدە بەزى تەرجىمانلار خىزمەتتە خاتىرجەم بولالماي، خېلى بىر قىسمى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ كەتتى؛ (4) تەرجىمانلار قوشۇنى ئاجىز، بەزى تارماقلاردا "سېرىقتال" ھالەت كېلىپ چىقتى، بەزى تەرجىمانلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالمايۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 2. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەرجىمە خىزمىتىنىڭ مۇھىملىغى ۋە ئۇنىڭ رولىنى تولۇق تونۇش توغرىسىدا

تەرجىمە خىزمىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۈتكۈل خىزمىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، رولى ئىنتايىن چوڭ. بۇنى 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى.

تەرجىمە خىزمىتى ئەزەلدىنلا بىر سىياسىي ۋەزىپە بولۇپ كەلدى. ماركسىزم-لېنىنىزم تەرجىمان ئارقىلىق جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇلغان. جۇڭگو خەلقى ماركسىزم تەلىماتىنى تەرجىمان ئارقىلىق قوبۇل قىلىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. ماۋجۇشى "تەرجىمانلارغا سەل قارىماسلىق كېرەك، تەرجىمانلار بولمىغان بولسا كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىغان بولاتتى،" دېگەن ئىدى. بۇنىڭدىن تەرجىمە خىزمىتىنىڭ بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە گۈللىنىشىدە نەقەدەر زور تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تەرجىمە خىزمىتى — پۈتكۈل ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى، بىزنىڭ شىنجاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا تېخىمۇ مۇھىم. شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ھەر بىر مەزگىلىدە، ماركسىزم — لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ھەر مىللەت خەلقىگە دەل تەرجىمە ئارقىلىق تەشۋىق قىلىندى، پارتىيەنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىمۇ دەل تەرجىمە ئارقىلىق يەتكۈزۈلۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي — ئىدىيىۋى ئېڭى ئۆستۈرۈلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆي پىكىرى تەرجىمە ئارقىلىق ئالماشتۇرۇلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، پەن — تېخنىكا ئالماشتۇرۇشى ۋە ئۆزلۈكسىز تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋە ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلدى؛ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاۋازى تەرجىمە ئارقىلىق تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تېز يەتكۈزۈلۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە مېھرىۋانلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىگە ئورنىدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى قوزغىتىلدى؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇ — تەلەپلىرى تەرجىمە ئارقىلىق پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئورگانلىرىغا ئىنكاس قىلىنىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتۇرۇلدى. تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىزمەتلىرىدە ئوينىغان كۆرۈنەرلىك رولى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، تەرجىمە خىزمىتى ھەقىقەتەن ئاپتونوم رايونىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھىم خىزمەت. كەڭ تەرجىمانلار شەرەپلىك تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان.

تەرجىمە خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى مىللىيلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ماركسىزمدىكى تىل باراۋەرلىكى مىللىي باراۋەرلىكنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى، شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر ئالامىتى دەپ قارايدۇ. لېنىن: "كىمكى مىللىي باراۋەرلىكنى ۋە تىل باراۋەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىكەن ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرمايدىكەن، تۈرلۈك مىللىي زۇلۇم ياكى مىللىي تەڭسىزلىككە قارشى كۈرەش قىلمايدىكەن، ئۇ، ماركسىزمچى بولالمايدۇ، ھەتتا دېموكراتىيىچىمۇ بولالمايدۇ" دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. پارتىيىمىز ئەزەلدىنلا مىللەتلەرنى چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىماي، باپ - باراۋەر كۆرۈشنى، مىللەتلەرنىڭ تىل يېزىقلىرىغا ھۆرمەت قىلىش لازىملىقىنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە تىل باراۋەرلىكىگە ئائىت بىر قاتار سىياسەت، نىزام ۋە بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقتى. ئاساسىي قانۇندا: "ھەممە مىللەت ئۆزىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە" دەپ ئېنىق بەلگىلەندى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللانغان بىر قانچە قانۇندا: ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونوم - ىيىلىك جايلارنى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاشتا، شۇ جايلاردا كەڭ قوللىنىدىغان مىللىي يېزىق تەڭ قوللىنىلىدۇ؛ ھەر مىللەت پۇقرالىرى دەۋا ئىشلىرىنى ئۆز مىللىي تىل ۋە يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىشتا ھوقۇقلۇق، خەلق سوت مەھكىمىلىرى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى شۇ جايدا كەڭ قوللىنىدىغان تىل - يېزىقنى بىلمەيدىغان دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋا ئىشلىرىدا تەرجىمە ئىشلىتىشى كېرەك؛ ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ياكى مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان جايلاردا سوراق ئىشلىرىنى شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان تىل بىلەن ئېلىپ بارىدۇ، ھۆكۈمنامە، ئېلان ۋە باشقا ھۆججەتلەرنى شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان يېزىق بىلەن جاكالايدۇ، دەپ بەلگىلەندى بۇ بەلگىلىمىلەر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل يېزىقىنى قوللىنىش ھوقۇقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قوغدىدى، پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىدە ۋە تىل باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش سىياسىتىنى كونكرېت كاپالەتلەندۈردى. شۇڭا، بىز مىللىي تىل - يېزىق تەرجىمە خىزمىتىگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. تەرجىمانلار "بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىدۇ" ياكى "ئارتۇقچە كىشىلەر" دەيدىغان قاراشلار پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا پايدىسىز. مىللەتلەرنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە گۈللىنىشىگە پايدىسىز، بۇنىڭغا خاتىمە بېرىش كېرەك.

تەرجىمە — يەنە، جاپالىق ئەمگەك، شۇنداقلا بىر خىل ئىجادىيەت خاراكتېرىغا ئىگە خىزمەت. قەدىردان جۇ زۇڭلىسى "تەرجىمە خىزمىتى ئانچە ئاسان ئەمەس، ئۇنى

ئۇنچىۋالا ئاسان چاغلىماسلىق لازىم دېگەن" ئىدى. تەرجىمە جەريانى ـ تەكرار ئىجادىيەت جەريانى. نۇتۇق ياكى ئەسلى ئەسەرنىڭ مەنىسى، مەنتىقىسى ۋە ئۇسلۇ-بىنى ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، تەرجىمان نۇتۇق ياكى ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق چۈشەنگەن بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى مىللەتنىڭ تىل خۇسۇ-سىيەتلىرىنى ۋە مىللى مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت، دىنى ئېتىقات، پسىخولوگىيىلىك ھالەت قاتارلىقلارنى نەزەرگە ئېلىشى كېرەك. بىر تەرجىمان ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى پىششىق بىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىككىنچى بىر خىل تىلدىنمۇ مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە مەلۇم ئىجتىمائى پەن ۋە تەبىئى پەن ئاساسىي بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىككى خىل تىل بىلگەنلا كىشىنىڭ تەرجىمانلىق قىلالىشى ناتايىن. تەرجىمە بەزىدە ئىجادىيەتتىنمۇ قىيىنراق بولىدۇ. چۈنكى، ئىجادىيەت تۇرمۇش تەسىراتى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنداقلا ئىجادىيەتنىڭ كۆپىنچىسى ئانا تىلى بىلەن بولىدۇ. تەرجىمان باشقىلارنىڭ تۇرمۇش تەسىراتىنى ئۆگىنىش بىلەنلا قالماي، يەنە ئىككى خىل تىل - يېزىقنى بىلىشى كېرەك، بەزىدە بىرەرسۆز، بىرەر ھەرپتە سەۋەنلىك كۆرۈلسە، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرىغا سىياسى ۋە ئىقتىسادى جەھەتتە زور زىيان كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، تەرجىمانلارنىڭ ئەمە-گىي جاپالىق ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز لازىم.

شۇنىمۇ ئېيتىش لازىمكى، ئازاتلىقتىن بۇيان، تەرجىمە خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىمىز بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى. تەرجىمە خىزمىتىنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا مۇھىم ئورۇنغا قويماقتىمىز، ئورغۇنلىغان ئورۇنلار بۇ خىزمەتنى خېلى ئاڭلىق تۇتۇۋاتىدۇ. بۇ ئاساسلىق تەرەپ، لېكىن يەنە خېلى بىر قىسىم يولداشلارنىڭ تەرجىمە خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس، جۈملىدىن تەرجىمانلارنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق. بۇ يولداشلار تەرجىمانلار باشقىلاردىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدۇ، باشقا خىزمەت ئىشلىگەنگە يەتمەيدۇ، دەپ قارايدۇ، بۇ ئىنتايىن خاتا. بۇ مەسىلە بىزنىڭ يېتەرلىك دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى قوز-غىشى لازىم. بىر تەرەپتىن ئالاقىدار رەھبىرى يولداشلار تەرجىمە خىزمىتىنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى، تەرجىمە خىزمىتىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن، تەرجىمانلار پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەت قىلىدىغان ئىدىيىنى تۇرغۇزۇپ، ئۆز كەسپىنى قەدىرلىشى، قىز-غىن سۆيۈشى، ئۆز خىزمىتى بىلەن پەخىرلىنىشى، پارتىيىنىڭ تەرجىمە خىزمىتىنى يۈكسەك سىياسى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشى لازىم.

## 3. تەرجىمانلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تەرجىمە خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش توغرىسىدا

نۆۋەتتە، ئېلىمىز يېڭى تارىخىي دەۋردە تۇرماقتا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانغا قاراپ قەدەم تاشلىماقتا. مانا بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرجىمە خىزمىتىگە يېڭى ۋە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويدى. 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، تەرجىمانلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، تەرجىمە خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش لازىم.

تەرجىمانلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش تەرجىمە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەرجىمانلار قوشۇنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ۋەزىپە ئېغىر، تەرجىمان ئاز، سۈپەت يۇقىرى ئەمەس دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ ھال 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە تولىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس. ئەگەر ئىلگىرىمىزچە، ھەر دەرىجىلىك تارماقلاردىكى تەرجىمە تايانچلىرىنىڭ كۆپ قىسمى 50-، 60-يىللاردا يېتىشتۈرۈلگەن تەرجىمانلار، بۇ يولداشلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، كېيىن يېتىشتۈرۈلگەن ياش تەرجىمانلار خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالمايۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا تولۇق ئەھمىيەت بېرىلمىسە، ئورۇن باسىدىغان ئادەم يوق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. تەرجىمان قىس بولغانلىقتىن، ھازىر بىر مۇنچە مۇھىم ئورگانلاردا تېخى تەرجىمان تولۇق سەپلەنمىدى، بەزى نازارەت، ئىدارىلەردە ھازىرغىچە بىرمۇ تەرجىمان يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەسپىي ئالاھىدىلىكى بار تەرجىمانلار ئىنتايىن چەكلىك، بولۇپمۇ پەن-تېخنىكا تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار تېخىمۇ ئاز، بۇ ھال 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا مۇقەررەر ھالدا زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مەلۇم سەۋىيىگە ئىگە بىر تەرجىماننى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئانچە ئاسانغا چۈشمەيدۇ. بۇنىڭغا خېلى ئۇزۇن بىر جەريان كېرەك. شۇڭا دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، تەرجىمانلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا ياخشى تۇتۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتە ھازىرقى تەرجىمانلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىن باشقا، يەنە ئالاقىدار تارماقلار پىلانلىق ھالدا كەسپىي مەكتەپ ياكى كۇرسلارنى ئېچىش لازىم. ئالاقىدار شۆبە، مەكتەپلەر تەرجىمە كەسپىي تەسىس قىلىپ تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شارائىتى بار ئورۇنلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ھازىرقى تەرجىمانلارنى پىلانلىق ھالدا نۆۋەت

بىلەن تەربىيىلەنمىگەن بولىدۇ. بۇ مەسىلىدە ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سېلىش لازىم، ئالاقىدار رەھبىرىي تارماقلار ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى جەھەتلەردە ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ، تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرۈش، نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئەمەللەشتۈرۈش لازىم. تەرجىمان بەك قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، جايلار كەسىپ ئالماشتۇرۇۋەتكەن مەلۇم سەۋىيىسى بار تەرجىمانلارنى ئۆز قوشۇنىغا قايتىپ كېلىشكە سەپەرۋەر قىلىشى ھەمدە ھەر قايسى ساھەلەردىكى ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ياخشى ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، يەنە مۇۋاپىق دەرىجىدە چەتئەل تىلى (ئىنگلىزچە، روسچە، ياپونچە، ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە) تەرجىمانلىرىنى يېتىشتۈرۈش لازىم. قابىلىيەتلىك، بىلىملىك تەرجىمانلارنى دادىل ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرجىمە خىزمىتىنى گۈللەندۈرۈشكە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

تەرجىمانلار قوشۇنىنى زورايتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەرجىمانلارنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى ۋە كەسپىي قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، تەرجىمە سەۋىيىسى ۋە تەرجىمە سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، تەرجىمە خىزمىتىگە قويۇلغان تەلەپمۇ بارغانسېرى يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ. بۇ ھەربىر تەرجىماننى جىددىي قاراشقا ۋە مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. ياخشى تەرجىمان بولۇش ئۈچۈن، بىرقەدەر يۇقىرى ئىدىيىۋى سەۋىيە ۋە تىل - يېزىق سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مول بىلىمگە ئىگە بولۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، كەسپىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش، قاتتىق تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ماھارەتنى تىرىشىپ ئىگىلەش لازىم. ھەر دەرىجىلىك تەرجىمە ئاپپاراتلىرى ۋە ئاخبارات، نەشرىيات، مائارىپ، پەن - تېخنىكا تارماقلىرى قاتتىق تەرجىمە ئەھدىنامىسى ۋە تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ چىقىشى، تەھرىرلەش - سېلىشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى، يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى قوللىنىشقا ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشكە نىسبەتەن جىددىي مۇئامىلىدە بولۇش كېرەك. قىسقىسى، ھەر مىللەت تەرجىمانلىرى كەسپىي بىلىملەرنى ئىگىلەشتە، قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىپ، قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشى، خىزمەتتە جىددىي ئەستايىدىل بولۇپ، ئۆز كەسپىنى تېخىمۇ كامالەتلەشتۈرۈشى، پارتىيە، خەلق ئالدىدا جاۋاپكار بولۇشى لازىم. ئەپلەپ - سەپلەپ ئىش كۆرىدىغان، كىتاپخانلار ئالدىدا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدىغان ناچار خاھىشلارنى قەتئىي تۈگىتىش كېرەك. تەرجىمە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى سۆز - ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈ-

رۇش - قېلىپلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ ھەر قايسى پەنلەر بويىچە ئاتالغۇلارنى مۇمكىن قەدەر تېزرەك بىر يەرگە كەلتۈرۈپ، بەزى پەن - تېخنىكا قورال، كىتابلىرىنى تۈزۈپ نەشر قىلىپ، تەرجىمانلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 4. تەرجىمانلار جەمئىيىتىنى قۇرۇش، تەرجىمانلارنىڭ تېخنىكا ئۇنۋانىنى بېكىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا

ئاپتونوم رايونىمىزدا تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشى بىلەن تەرجىمانلار قوشۇنىنى تەشكىللەش ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى ئىشلەشكە مەسئۇل بولىدىغان مەخسۇس ئاپپارات قۇرۇش زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق تەرجىمانلار جەمئىيىتى قۇرۇلماقچى. بۇ جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرجىمە خىزمىتىنىڭ كۈندىن كۈنگە گۈللەپ ياشنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تەرجىمانلار جەمئىيىتى - ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئاممىۋى تەشكىلات. ئۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەرجىمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ۋاستىسى ۋە كۆۋرۈكى. مۇشۇنداق بىر ئاپپارات بولغاندىلا، تەرجىمانلارنىڭ تەلەپ - تەكلىپلىرى ھەم سادالىرى ئۇلارنىڭ تەشكىلاتى ئارقىلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەققانىي دېموكراتىك ھوقۇقى بىلەن جانىجان مەنپەئەتى كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقى تولۇق جارى قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ جەمئىيەت يېڭى دەۋردىكى باش ۋەزىپىنىڭ تەلىۋى بويىچە، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە نوۋەتتىكى ئىگىلىكنى تەڭشەشتىن ئىبارەت مەركەزنى چىڭ تۇتۇپ چۆرىدىگەن ھالدا، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت تەرجىمانلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەرجىمە تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ۋە ئىلمىي مۇھاكىمىلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى ئېڭىنى ۋە پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى تەقدىم قىلىدۇ.

تەرجىمانلار جەمئىيىتى - ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەرجىمانلارنىڭ تەشكىلاتى. ئۇ، باشقا ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا ئوخشاش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئېھتىياجى بويىچە تەرجىمە خىزمىتىنىڭ پىلان ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، تەرجىمانلارنى پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا تەربىيىلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدۇ. بۇ ئاپپاراتنىڭ

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كەڭ تەرجىمانلار بىلەن ئالاقىلىشىدىغان، ئىتتىپاقلىشىدىغان ھەقىقىي كۆۋرۈك ۋە ۋاستە بولۇپ قېلىشىنى، كەڭ تەرجىمانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرجىمە خىزمىتىنى يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرىغا بەلگىلىك سەۋىيىگە ئىگە بولغان مەلۇم ساندىكى مۇنەۋۋەر تەرجىمانلارنى سەپلەش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭدا يەنە، تەرجىمە خىزمىتىگە قىزىقىدىغان، سەمىمىي - ساداقەتلىك بىلەن تەرجىمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يولداشلارمۇ بولۇشى لازىم. يولداشلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنى ئەستايىدىل سايلاپ چىقىپ، جەمئىيەتنىڭ نىزامىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تەرجىمانلارنىڭ ئۇنۋانى — تەرجىمانلارنىڭ كەسپىي قابىلىيىتى ۋە سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نام. ئۇنۋان بېكىتىش تەرجىمانلارنىڭ خىزمەتتىكى ئاكتىپلىقىنى ۋە ئالغا ئىنتىلىشىنى قوزغاشتا، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىختىساسلىق تەرجىمانلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە شۇنداقلا تەرجىمە سەۋىيىسى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. تەرجىمانلارنىڭ ئۇنۋانى توغرىسىدا گوۋۇيۈەننىڭ (1981) 281-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە ئېنىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزمۇ «شىنجاڭدىكى مىللىي تىل-يېزىق تەرجىمان كادىرلىرىنىڭ كەسپىي ئۇنۋانىنى بېكىتىشنى يولغا قويۇش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. جايلارنىڭ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، بەلگىلىمە بويىچە، تەرجىمانلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، كەسپىي قابىلىيىتى ۋە تۆھپىسىنىڭ ئاز-كۆپلىكىگە قاراپ ئۇنۋان بېكىتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تەرجىمە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، تەرجىمە خىزمىتىنىڭ قانات يېيىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، تەرجىمانلار جەمئىيىتى تەرجىمە ژۇرنىلى چىقىرىشنى ئويلىشىپ كۆرسە بولىدۇ. ژۇرنال چىقىرىلسا، تەرجىمانلار ئۆزىنىڭ ئىلىم گۈلزارىغا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرجىمە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە تەرجىمە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ياردىمى بولىدۇ. ژۇرنال ئارقىلىق تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ۋە ئالماشتۇرۇپ، تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، تەرجىمە مۇھاكىمىسى بىلەن ئىلمىي مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇپ، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، 32 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللىي تىل - يېزىق تەرجىمە خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى سىستېمىلىق يەكۈنلەنمىدى، شۇڭلاشقىمۇ ھازىرغىچە بىر قەدەر مۇكەممەل، سىستېمىلىق، ئىلمىي بولغان تەرجىمە نەزەرىيىسىمۇ يېزىلمىدى. بىزنىڭ نۇرغۇن پېشقەدەم تەرجىمانلىرىمىز نەچچە ئون يىل مۇشۇ خىزمەت بىلە-

لەن شۇغۇللىنىپ، مول تەجرىبىلەرنى توپلىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ چېچىلاڭغا ئاساق كەلدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك تەرجىمە تەجرىبىلىرىنى تەشكىللەپ، پىلانلىق ھالدا تېزدىن رەتلەپ يەكۈنلەپ چىقىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىز ۋاقتىدا، باشقا تەرجىمانلارنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ھەر ۋاقىت يەكۈنلەپ تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك، ئاددىي، پارچە - پۇرات تەجرىبە بولسىمۇ ئۇنى توپلاپ، رەتلەشكە ئەھمىيەت بېرىلسىلا ئۇنىڭدىن مۇكەممەل، سىستېمىلىق قانۇنىيەتلەرنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ. ياش تەرجىمانلار پېشقەدەم تەرجىمانلارنىڭ مول تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ تەرجىمە سەۋىيىسىنى تېزرەك ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

## 5. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى — ئاپتونوم رايونىمىزدا تەرجىمە خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ كاپالىتى

32 يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرجىمە خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجىلەر ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە رەھبەرلىك قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. تەرجىمە خىزمىتىدىكى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىندى. كەڭ تەرجىمانلارنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىشىمۇ پارتىيىنىڭ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇندىن كېيىن بىز چوقۇم پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاكتىپلىق، تەشەببۇسكارلىق ۋە ئىجاتچانلىقنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، تەرجىمە خىزمىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىشىمىز لازىم.

ئىلگىرى بىز تەرجىمە خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ھاسىل قىلدۇق ھەمدە پارتىيە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن مەدھىيىلىشىگە ئىگە بولدۇق. بۇندىن كېيىن يۈكسەك سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، تەرجىمانلارنىڭ ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىر، يول تېخىمۇ يىراق. بىز چوقۇم يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، تەرجىمە خىزمىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىشىمىز لازىم. بىز چوقۇم 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش سىياسىي، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ نىشاننى نەزەردە تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ تەرجىمە ئىشلىرىغا داۋاملىق سادىق بولۇپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، كەسىپنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، تەرجىمە سەۋىيىسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، نەتىجىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمچىلىكلەرنى تۈگىتىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز لازىم.

يولداشلار، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا

«پارتىيىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى» قاراپ ئۆتۈلدى ۋە ماقۇللاندى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىي ئەزالىرى قايتىدىن سايلاندى ۋە كۆپەيتىپ سايلاندى، بۇقېتىمقى يىغىن 3 - ئومۇمىي يىغىن ئېچىلغاندىن كېيىنكى پارتىيىمىز تارىخىدىكى يەنە بىر قېتىملىق زور ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن بولدى، تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ماركسىزم ئا- ساسىدىكى كوللېكتىپ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتكەن، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيىنىڭ توغرا لۇشيەن، فاڭجېن-سىياسەتلىرىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلۈشىنى كا- پالەتكە ئىگە قىلغان يىغىن بولدى. بىز چوقۇم ئومۇمىي يىغىننىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئا- ۋاز قوشۇپ، ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، يۈيگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىگەندەك روھىنى دا- ۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ۋەتىنىمىزنى تەدرىجىي هالدا زامانىۋىلاشقان، يۈكسەك دېموكراتىيە، يۈكسەك مەدەنىيەت- كە ئىگە سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز لازىم! نۆۋەتتە «قارار»ۋە يولداش خۇياۋباڭنىڭ «1 - ئىيۇل» پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئە- خلاس بىلەن ئۆگىنىپ، ئىدىيىمىزنى «قارار» ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، 6 - ئو- مۇمىي يىغىننىڭ روھىنى بۇقېتىمقى يىغىنىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ، يىغىنىمىز- نى بارلىق تەرجىمانلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قارايدىغان، بىر نىيەتتە هەمكارلىشىپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يىغىن قىلىشىمىز لازىم.

يىغىنىمىزنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن!

يولداشلارنىڭ تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىنى تىلەيمەن!

يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇشتا بولسۇن، ياكى بېكىتىشتە بولسۇن، بىردەك ئورتاق پىرىنسىپ ۋە ئەلەپبە بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. يەنى ئىشلىتىلگەن يېڭى سۆزلەر شۇ مىللەت تىلى سۆز سوستاۋىنىڭ بىر تەركىبىي قىس- مىغا ئايلىنىشى، يېڭى ئۇقۇم بىرقەدەر مۇقىم بولغان يېڭى سۆز بىلەن ئىپادە قىلىنىشى كېرەك. يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار چۈشىنىشلىك، ئىخچام، نىسپىي تۇراقلاشقان بولۇشى لازىم.

—— جۇڭگو تۈركىي تىللار مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەكلىۋىدىن

# تەرجىمە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى

جۇيېگۇۋ

ئاپتونوم رايونىمىزدا چاقىرىلغان تەرجىمە خىزمىتى يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ تەرجىمانلارنىڭ چوڭ مەرىكىسى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرجىمە خىزمىتى تارىخىدىكى زور خۇشاللىق، تەرجىمە خىزمىتىدە تېخىمۇ يۇقىرى ئۆلچەمگە قاراپ يۈرۈش قىلىشنىڭ سىگنالى، شۇنداقلا پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ يەنە بىر غەلىبىسى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ چاقىرىلىشىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

ھازىر مەملىكىتىمىز يېڭى بىر تارىخىي دەۋردە تۇرماقتا، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ پەن - مەدەنىيىتىنىڭ گۈزەل باھارىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تېرىشىپ كۈرەش قىلماقتا. بۇ يېڭى دەۋردە، تەرجىمە خىزمىتىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە ئېغىر، يېڭى ۋەزىيەت بىزدىن يېڭى تۆھپە قوشۇشنى تەلەپ قىلماقتا. ئەگەر سەمىمىيلىك بىلەن تىرىشىپ پۇختا ئۆگەنمىسەك، باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلىمىسەك، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ تەرجىمە خىزمىتىگە نىسبەتەن بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان تەلىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمىز، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايمىز.

ئەمدى مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەرجىمە باشقارمىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرجىمە باشقارمىسىغا ۋاكالىتەن، تەرجىمە خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا بەزىبىر كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## 1. تەرجىمە خىزمىتىگە بولغان تونۇش

ھازىر بەزى تارماقلار ۋە جايلاردىكى رەھبەرى يولداشلار تەرجىمە خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ، لېكىن يەنە بەزىلىرى ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ ياكى دېگەندەك ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ، بۇ خىزمەتنى بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان، ياكى ئانچە مۇھىم بولمىغان خىزمەت دەپ قاراۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بەزى تەرجىمان يولداشلارنىڭ تەرجىمە خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، تەرجىمە خىزمىتىدە خاتىرجەم بولالماي، كەسىپ ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىككى جەھەتتىكى مەسىلە تەرجىمە خىزمىتىگە،

پارتىيە ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزۈۋاتىدۇ. بىزنىڭچە ئاپتونوم رايونىمىزدا تەرجىمە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، تونۇش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك.

يولداش ماۋزېدۇڭ پارتىيىنىڭ ...-قۇرۇلتىيىدا قىلغان سۆزىدە، شۇ چاغدىكى بەزى يولداشلارنىڭ نەزىرىيىۋى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىدە خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقىدەك ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، "مۇشۇ خىلدىكى تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئۆزى پارتىيىنىڭ نەزىرىيىۋى خىزمىتى" دېگەن ئىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "تەرجىمە خىزمىتى ناھايىتى مۇھىم خىزمەت، ئۇنى ياخشى كەسىپ ئەمەس دەپ قارىماسلىق كېرەك. بىز ھازىر نۇرغۇن ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشىمىز كېرەك. چەتئەل تىلى جەھەتتە مەن بىر قارا تۇرۇك، چەتئەللەرنىڭ ئىشلىرىنى بىلىش ئۈچۈن تەرجىمانلارغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ"، "پارتىيىمىز ئىچىدە چەتئەل كىتابلىرىنى بىۋاستە كۆرەلەيدىغانلار ناھايىتى ئاز، چەتئەل كىتابلىرىنى بىۋاستە ئوقۇيالايدىغانلار ئالدى بىلەن ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، تارىختىكى نۇرغۇن ئەسەرلەرنى، گەرچە ماركسىزم بولمىسىمۇ، ئاز-تولا ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئەسەرلەرنى يەنى دېموكراتىزم ئاساسىدىكى بەزى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش كېرەك". "شۇنىڭ ئۈچۈن بىز نەزىرىيە خىزمەتچىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئۇلارنى كۆزگە ئىلىشىمىز، ئۇلارنى قوشۇنىمىزدىكى خېلى بىلىملىك، مەلۇماتلىق كىشىلەر دەپ قاراپ ھۆرمەتلىشىمىز لازىم." يولداش ماۋزېدۇڭ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "تەرجىمان يولداشلارنى كەمسىتمەسلىكىمىز كېرەك، چۈنكى تەرجىمان بولمىغان بولسا، كوممۇنىستىك پارتىيىمۇ بولمىغان بولاتتى. يولداشلار، چەتئەلنىڭ بەزى ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنمىغان بولسا، جۇڭگو ماركسىزم-لېنىنىزمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەتتى؟"

ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ تارقىلىشى شۇنداق بولغان، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ كېڭەيتىلىشىمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. ماركسىزم-لېنىنىزم ئەسەرلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىنلا، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە باپ كېلىدىغان بۇ ھەقىقەتنى خەنزۇ خەلقى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭغا ئوخشاش خەنزۇ تىلىدىكى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىنلا، ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتى. پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇلۇشىمۇ تەرجىمىسىز بولمايدۇ. بۇنىڭدىن تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر خىزمەت ئىكەنلىكىنى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى، جۈملىدىن زامانىۋى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كام بولسا بولمايدىغان

غان بەكمۇ مۇھىم ھالقا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تەرجىمە خىزمىتىگە سەل قارايدىغان قاراشلار، روشەنكى خاتا.

ھازىر چەت تىل تەرجىمىسىنىلا تەرجىمە خىزمىتى ھېساپلاپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئاز سانلىق مىللەت تىللىرى تەرجىمىسىنى تەرجىمە خىزمىتى ھېساپلىمايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بۇنداق قاراش، بىزنىڭچە، توغرا ئەمەس. تەرجىمىنىڭ ۋەزىپىسى (مەيلى قايسى تىل تەرجىمانلىقى بولسۇن) تەرجىمە قىلىنىدىغان ئەسەر (نۇتۇق) نىڭ ئىدىيىسىنى (مەزمۇنىنى) ئىپادىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەممە تىللارنىڭ تەرجىمىسى ئوخشاش، ھېچقانداق ئىگىز-پەسلىك يوق. يولداش جۇ ئېنلەي: "چەت تىل تەرجىمىسىگە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىنىڭ تەرجىمىسىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك" دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت تىللىرى تەرجىمىسىگە سەل قارايدىغان خاتا ئىدىيىلەرنى تۈزىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىز ئۇيغۇر مىللىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، شىنجاڭدىكى 13 مىللەتنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئۆزىنىڭ تىل-يېزىقى بار، مۇشۇنداق كۆپ مىللەتلىك رايونىمىزنىڭ خىزمىتىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللانمىسا، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالالمايدۇ، ئاممىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنالمايدۇ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش-ئىزچىللاشتۇرالماسلىق مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاپتونوم رايونىمىزدا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش-ئاشۇرالماسلىق، خەلق ئاممىسىنى كېرەك قىلىش-كېرەك قىلماسلىق مەسىلىسى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەرجىمە باشقارمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرجىمە باشقارمىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ ئىككى ئورۇن، ئاساسلىقى، مىللىي تىل تەرجىمىسى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 5 مىليون خەتكە يېقىن ھۆججەت تەرجىمە قىلىدۇ. بۇ ھۆججەتلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆججەتلىرى، شۇنداقلا تارماقلار ۋە جايلارنىڭ تەستىقلاپ تارقىتىلىدىغان ھۆججەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھۆججەتلەر تەرجىمە قىلىنمايدىغان بولسا، پارتىيىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خىزمەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئىشلەپ كەتكىلى بولمايدۇ.

تەرجىمە خىزمىتى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە ۋە كۆۋرۈك. ھەممىگە مەلۇمكى، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىي-مىراسلىرى ۋە نەتىجى-

لىرى بار، ئۇنى ھەر خىل تىلغا تەرجىمە قىلىپ، قوبۇل قىلىپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەملىكىتىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، بىر مىليارت خەلقنىڭ ھەممىسىنىڭ چەتئەل تىلىنى بىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ خەنزۇ تىلىنى بىلىپ كېتىشى، خەنزۇ خەلقىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىنى بىلىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، تەرجىمان بولمىسا بولمايدۇ. شۇنداقلا تەرجىمە خىزمىتى ھەر قايسى ئەللەر خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا چۈشىنىشنى، دوستانە بېرىش - كېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەر قايسى ئەللەر خەلقى ۋە ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، بىۋاستە رول ئوينايدۇ. مەملىكەت ئىچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەرجىمە خىزمىتى مەملىكىتىمىز بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەن - مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا سىياسىي، ئىقتىسات، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا جەھەتلەردە تارىختا شەكىللەنگەن، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تەڭسىزلىكنى تۈگىتىپ، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

لېكىن بەزىلەر تەرجىمە خىزمىتىنى ئاددىي چاغلاپ، تەرجىمان "كاناي" رولىنى ئوينايدۇ دەپ قاراۋاتىدۇ. بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. تەرجىمە خىزمىتى ھەم ئىلمىي، ھەم ئىجادىي خىزمەت، يەنى تىل - يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان قاتتىق ئىلمىي ئەمگەك. تەرجىمە خىزمىتىدە سۆز توغرا، جايىدا قوللىنىلسا، چۈشىنىشلىك، راۋان بولسا، لوگىكىسى كۈچلۈك، تەسىرلىك، جانلىق، ئىپادىلىشى كۈچلۈك بولسا، تەرجىمە ياخشى چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئوبدان بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئەسلىدىكى مەنا توغرا چۈشىنىلمىسە، سۆز مۇۋاپىق تاللانماي، جۈملىلەر راۋان بولماي قالسا، ياكى تەرجىمە مەنانى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمىسە، ئۇ چاغدا تەرجىمە تېكىستىنىڭ ئەسلى مەنىسىدىن چەتلەپ كېتىدۇ ياكى ئۇنى بۇرمىلاپ قويىدۇ — دە، ئورۇنسىز ئۇقۇشماسلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. تەرجىمە خىزمىتى ئۆز دائىرىسىدە شۇ ساھەدىكى بىلىمگە زىچ باغلانغان بولىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، پەلسەپە تەرجىمانلىرى پەلسەپىنى بىلىشى، پەن - تېخنىكا تەرجىمانلىرى پەن - تېخنىكىنى بىلىشى، قايسى كەسىپنىڭ تەرجىمانى بولسا، شۇ كەسىپنى بىلىشى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا كۈلكىگە قالىدۇ. ئەگەر بەزىلەرنىڭ مەن نېمە دېگەن بولسام، سەن شۇنى تەرجىمە قىلىشىڭ كېرەك دېگەن سۆزى بويىچە بولغاندا، خەنزۇچە مۇشۇ رۇ (苜蓿肉) دېگەن سۆز بېدە بىلەن قورۇلغان گۆشلۈك سەي دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ —

دە، تازا كۈلكىلىك بىر ئىش كېلىپ چىقىدۇ. تەرجىمە، خىزمىتى ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ قويىدىغان مېخانىك ھەركەت ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئىجادىي ئەمگەك، بۇ ئۇنىڭ ئىجادىي بولغانلىقى. تەرجىمە مۈشۈككە قاراپ يولۋاس سىزىش ئەمەس، شۇنىڭدەك تېكىستنىڭ تەكرارلانغان نۇسخىسىمۇ ئەمەس، ئۇ تېكىست ئاساسىدىكى تەكرار ئىجادىيەت. تېكىستنىڭ باشقا بىر تىلغا ئايلاندۇرۇلۇشى. تەرجىمە خىزمىتىدە دائىم قىيىن ئاتالغۇ ۋە سۆزلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ. دەل ۋە مۇۋاپىق سۆزلەرنى تېپىش ئۈچۈن، سۆزمۇ-سۆز، جۈملىمۇ-جۈملە زىغىرلاشقا، باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، بەزىدە مۇۋاپىق يېڭى ئاتالغۇلارنى يارىتىش، ياكى باشقا تىلدىن مۇۋاپىق يېڭى ئاتالغۇلارنى ئېلىش كېرەك بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈشكە، تەر تۆكۈشكە توغرا كېلىدۇ. تەرجىمە خىزمىتىنىڭ بەدىلىگە كەلسەك، تەرجىمانلارنىڭ تەجرىبىسى مول، ساۋادى تولۇق بولۇشى، ئىككىدىن ئارتۇق تىل-يېزىقنى مۇكەممەل بىلىشى، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقى، ئەدەبىيات-سەنئىتىنى پىششىق بىلىشى لازىم. مۇشۇنداق بولغاندىلا، تىلدىن ئەركىن پايدىلىنالايدۇ، مۇۋاپىق سۆزلەرنى تاللىيالايدۇ، مول ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالايدۇ، ئاممىنى قىزىقتۇرالايدۇ ۋە جەلپ قىلالايدۇ. ئەدەبىي ئەسەر تەرجىمانلىرى تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك. ئېغىز تەرجىمىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئېغىز تەرجىمىسىدە تەلەپپۇز ئېنىق بولۇشى، سۆز راۋان بولۇش، توغرا چۈشىنىش، چىڭ تۇتۇۋېلىش، پىكىرى ئۆتكۈر بولۇش، ئىپادىلەشكە ماھىر بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭچە، تەرجىمە خىزمىتى بەزىلەر ئېيتقاندەك ئۇنچىۋالا ئاسان خىزمەت ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن مۇھىم، ئىنتايىن جاپالىق، ئىنتايىن شەرەپلىك ئىلمىي، تېخنىكىۋى خىزمەت.

## 2. قانداق قىلغاندا ياراملىق تەرجىمان بولغىلى بولىدۇ؟

قەدىردان جۇزۇڭلى بىر نەچچە دۆلەتنىڭ تىلىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ تەرجىمە خىزمىتىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى، ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: "تەرجىمە خىزمىتى ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس، ئۇنداق ئاسان دەپ ئويلىماسلىق كېرەك. بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىش ئاسان، ئەمما دەل جايىغا چۈشۈرۈپ تەرجىمە قىلىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس". بىر نەچچە خىل تىلنى بىلىش ياخشى ئىش، لېكىن بۇنىڭ بىلەن ياراملىق تەرجىمان بولۇش ئوتتۇرىسىدا يەنىلا بىر ئارىلىق بار. ئۇنداقتا زادى قانداق قىلغاندا ياراملىق تەرجىمان بولغىلى بولىدۇ؟ بىزنىڭ بىر نەچچە يىللىق تەجرىبىمىزدىن قارىغاندا، بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك: بىرىنچىسى، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تىكلەش لازىم. ۋەتەننى سۆيۈش، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئىش-

لەرنى سۆيۈشنى، دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ گۈللىنىپ يۈكسىلىشىنى مەقسەت قىلىش كېرەك؛ شەخسىي نام، شەخسىي مەنپەئەت ۋە شەخسىي مەرتىۋە تالاشماي، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى مۇھىم دەپ بىلىش لازىم. جاپا - مۇشەققەتتىن قورۇقماي، ھېرىش - چارچاشتىن قورقماي، ئەستايىدىل، بېرىلىپ ئىشلەپ، تەرجىمىدە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۆز خىزمەت ئورنىدا تۇرۇپ، ئومۇملۇقنى كۆزلەپ، دۇنياغا نەزەر تاشلاپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ. تەرجىمانلاردا كەسپچانلىق بولۇش كېرەك، كەسپچانلىق تەرجىمانلار ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك. ئىككىنچى پۇختا تەرجىمە ئاساسى بولۇش كېرەك. "قاساپنىڭ ئۇستىلىقى پىچىقىنىڭ ئۆتكۈرلىكىدە" دېگەن ماقال بار. تەرجىمىدە بىرىنچى قورال - تىل. شۇڭا ئىككىدىن كۆپ تىل بىلىش، بولۇپمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى پۇختا بىلىش، ئۇنى كۆڭۈلدىكىدەك قوللىنالايدىغان بولۇش كېرەك. تەرجىمىدە ئىككىنچى قورال ھەممە ساھەدىن توپلانغان مول بىلىم، چۈنكى تەرجىمانلار ھەر ساھە، ھەر كەسپتىكى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، جۇڭگودىن تارتىپ چەت ئەللەرگىچە بولغان ھەرخىل مەسىلىلەرگە يولۇقۇپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىكى ۋە گېزىتخانا، رادىيو ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى تەرجىمە خىزمىتىدە مەخسۇس ئىش تەخسىماتى بولمايدۇ، ھەممە ساھەدىن كەلگەن تۈرلۈك ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سانائەت، پەن - تېخنىكا، نەزەرىيە قاتارلىق ساھەلەرنىڭ قايسى بىرىدىن ماتېرىيال كەلسە شۇنى تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىت ناھايىتى زىچ، كۆپ ھاللاردا ۋەزىپىنى زەربىدارلىق بىلەن ئورۇنلاش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە ئاندىن ئۆگىنىمەن دېسە ئەپلەشمەيدۇ، شۇڭا ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا كۆپرەك ئۆگىنىپ، ھەر خىل بىلىملەردىن ئازدۇر - كۆپتۇر خەۋەردار بولۇش لازىم. ئىشتىن بۇرۇن ئۆگەنمەي، باشقا كەلگەندە باتۇر بولىمەن دەپ قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇش كېرەك. ھەممىمىزگە ئايانكى، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا بىر مىللەتنىڭ تىلىمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ، ئۆزگىرىدۇ ۋە بېيىيدۇ. مۇبادا تىلدىكى يېڭى تەركىبلەرنى داۋاملىق قوبۇل قىلىپ تۇرمايدىكەنمىز، يېڭى - يېڭى ئاتالغۇلارنى ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ كەم جايلىرىمىزنى تولۇقلاپ تۇرمايدىكەنمىز، ئۆزىمىزنى تىل تەرەققىياتىدىكى يېڭى ئۇسلۇب، يېڭى مەزمۇنلار بىلەن قوراللاندۇرۇپ تۇرمايدىكەنمىز، بۇ ھالدا تىل بىلىملىرىمىز پۈچەكلىشىپ قالىدۇ-دە، تىل تەرەققىياتىنىڭ ئارقىسىدا قالىمىز، تەرجىمە يولىدىن چەتنەپ كېتىپ، خىزمىتىمىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمىز. بولۇپمۇ، پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىكى

تەرجىمانلار بەزىدە قانداق يېزىش ئېچىلـ-
دىغانلىقىنى بىلەلمەي، قىلچە ئىدىيىۋى
تەييارلىق قىلىۋالالماي، سەھنىگە چىقىپ
بىر تەرەپتىن يېزىپ، بىر تەرەپتىن تەر-
جىمە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر
ئادەتتىكى چاغلاردا ئۆگىنىشكە ماھىر بو-
لۇپ، پۇختا تىل ئاساسىغا ۋە بىر قەدەر
مول بىلىمگە ئىگە بولمىساق، خىزمىتىنىڭ
ھۆددىسىدىن زادىلا چىقالمايمىز. بولۇپمۇ
بۈگۈنكى كۈندە، ئىلىم - پەن تېخىمۇ تە-
رەققىي قىلىۋاتقان، ئىجتىمائىي ئىش تەق-
سىماتى تېخىمۇ ئىنچىكىلىشىۋاتقان، سىرى
ئېچىلمىغان بىلىم مەنبەلىرى ئۈستىدە كۆپ-
لەپ ئىزدىنىشلەر بولۇۋاتقان يېڭى بىر
دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز. تارىخ تەرەققىي قى-
لىۋاتىدۇ، نۇرغۇن يېڭى پەنلەر ئوتتۇرىغا
چىقىۋاتىدۇ، ئويلاپ باقايلى، ئىنسانلار
ئېلېكترون دەۋرىگە، ئېلېكترونلۇق ھېساپ-
لاش ماشىنىسى ئىشلىتىۋاتقان دەۋرگە
كىرگەن چاغدا، تىلنىڭ ئىپتىدائىي ئىش-
لەپچىقىرىش دەۋرى سەۋىيىسىدە توختاپ
قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ شۇڭا ھازىرقى دەۋر
بىزدىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشنى جاھاندى-
كى ئىشلاردىن، دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق،
ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىققا ئائىت ساۋاتلاردىن،
سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، سودا، مائارىپ
ۋە ھەربىي ئىشلاردىن، ھەر خىل زامان-
ۋى پەننى بىلىملەردىن، مەسىلەن، ماكرو
دۇنيا بىلەن مىكرو دۇنيا، ئېرسىيەت ئىل-
مى، گېن ئىلمى، سېستىمىلىق قۇرۇلۇش
ئىلمى قاتارلىق ھەر قايسى پەنلەردىن
ئاز - تولا خەۋەردار بولۇشنى تەلەپ قىل-
ماقتا، بىز ئەشۇنداق قىلالىساقلا، خىزمەت-
تە يۇقۇرىقىدەك مەسىلىلەرگە يولۇققاندا
تەمتىرەپ قالمايمىز. پەن - تېخنىكا ساھە-
سىدىكى كەسپىي تەرجىمانلارغا كەلسەك،
ئۇلار ئەلۋەتتە شۇ كەسپنى پىششىق بىلى-
دىغان كەسىپ ئەھلىلىرىدىن بولىشى كېرەك.
شۇنداق قىلغاندا پەن - تېخنىكا كىتاپلىرى،
ماتىرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋەزىپىسى-
نى تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلى-
يالايدۇ.

## 3. تەرجىمە كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشايلى

"4 كىشىلىك گۇرۇھ" زورلۇق - زوم-
بۇلۇق قىلغان مەزگىللەردە، پۈتكۈل تەر-
جىمە خىزمىتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرى-
دى، تەرجىمانلار دەھشەتلىك تۈردە زىيان-
كەشلىككە ئۇچرىدى، قانداقتۇ چەتئەل تىلى
تەرجىمانلىرىنى چەتئەل جاسۇسى، چەتئەل-
گە باغلانغۇچى دەيدىغان، مىللىي تىل تەر-
جىمانلىرىنى ساتقىن، يەرلىك مىللەتچى
دەيدىغان، تەرجىمان كادىر ئەمەس، تەر-
جىمان دىگەن بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسى-
مۇ بولىدىغان ئادەملەر، ئارىدا تەرجىمان
بولسا سەمىمىلىك ھېسسىياتى بولمايدىكەن،
تەرجىمان ئىشلىتىش ئوشۇقچە ئىش، تەر-
جىمان بولسا ئاۋارىگەرچىلىك بولىدىكەن،
تەرجىمان بولمىسا مىللەتلەرنىڭ بىرلىشىپ
كېتىشىگە پايدىلىق بولىدۇ، دىگەنگە ئوخ-

شاش سۆزلەر مەيدانغا چىقتى. نەتىجىدە تۇرغۇنلىشقان تەرجىمان كادىرلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، بەزى تەرجىمانلار تەرجىمە خىزمىتىدە خاتىرجەم بولالماي، كەسىپ ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى، تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، بۇ ھال بۈگۈنكى كۈندە تەرجىمە سېپىدە ئېغىر دەرىجىدىكى سېرىقتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئىزباسارلار يوق دېيەرلىك بولۇپ قالدى. "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تاردار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىلىۋاتىدۇ، ھەمدە تېگىشلىك تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، بۇ جەھەتتىكى زىيان تولدۇرۇلىۋاتىدۇ، لېكىن بۇ ئىش ناھايىتى يېتەرسىز. بىز ئىنقىلاۋى قوشۇن، بىزنىڭ خىزمەتتىكى مەسئۇلىيىتىمىز ۋە ئىش تەقسىماتىمىز ئوخشاشمايدۇ، لېكىن بىزدە ئالىجاناپلار ۋە پەسلەر دەپ ئايرىيدىغان ئىش يوق. دۆلەتنىڭ رەئىسلىرىدىن تارتىپ ئالاقىچى، تىببىي خادىمغا قەدەر ھەممە كىشى ئىنقىلاۋىي يولداش، مەقسىتىمىز ئېلىمىزنى زامانىۋى سانائەت، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى، زامانىۋى پەن-تېخنىكا ۋە زامانىۋى دۆلەت مۇداپىئەسىگە ئىگە سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، ھەر مىللەت خەلقىنى بەخت-سائادەت يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

ئازات بولغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، كەڭ تەرجىمان كادىرلار پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىلىرىنى قوشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ تەرجىمان كادىرلارنى ئالساق، 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆز قولى ئۆز تىلى ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ ئاۋازىنى ۋە ھەر خىل بىلىملەرنى ھەر مىللەت خەلقىگە يەتكۈزۈش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇ-تەلەپلىرىنى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىككە يەتكۈزۈش يولىدا جاپا مۇشەققەتكە چىداپ، نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى. مەيلى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرى كادىرلارغا ياكى ئادەتتىكى ئاممىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىشتە بولسۇن، مەيلى چېچى ئاقارغانلارغا ياكى گالستۇك تاقىغان بالىلارغا تەرجىمە قىلىپ بېرىشتە بولسۇن، مەيلى ئاۋات شەھەرلەردە ياكى چەت، قاقاس تاغلىق رايونلاردا تەرجىمانلىق قىلىشتا بولسۇن، ۋەزىپىنى ئەستايىدىل، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئادا قىلىپ كەلدى، كادىرلارنى تۈركۈم-تۈركۈملەپ يېتىشتۈرۈشكە، نۇرغۇن يېڭى ئەۋلاتلارنى تەربىيىلەشكە ھەمكارلاشتى ۋە بۇ يولدا ئەمگەك سىڭدۈردى، يېزا ئىگىلىكى، سودا، مائارىپ، ھەربىي ئىشلارنىڭ تەرجىمانلىقىنىلا ئىشلەپ قالماستىن، بەلكى شۇ ئىشنىڭ ئۆزىنىمۇ تەڭ ئىشلەپ كەلدى. ئۇلار ھەم تەرجىمان، ھەم يول باشلىغۇچى، ھەم مۇھاپىزەتچى، ھەم خەۋەرچى، ھەم ئوقۇتقۇچى، ھەم ئوقۇغۇچى بولادى. ئۇلارنىڭ ياردەم بېرىشى ۋە يېتىشتۈرۈشى بىلەن يېتىشىپ چىققان كادىرلار ھەر قايسى سەپلەردە ۋە ھەر دەرىجىلىك

رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدا ئىشلىمەكتە. لېكىن، رەھبەرلەر تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئالمىشىپ تۇرسىمۇ، ئۇلار يەنىلا تەرجىمانلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. بۇنداق نام - مەنپەئەت قوغلاشمايدىغان كەمسىپ شەرەپلىك كەسىپ ئەمەسمۇ؟ خەلققە چاكار بولۇپ ئىشلەيدىغان بۇنداق روھ ئالىيجاناب روھ ئەمەسمۇ؟ خەلق ئۈچۈن جاپالىق ئەمگەك قىلىدىغان، تىرىشىپ خىزمەت قىلىدىغان بۇنداق كادىر پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرى ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە ياخشى كادىر، پارتىيىنىڭ كادىرلار قوشۇنىنىڭ قىممەتلىك بىر قىسمى، مۇشۇنداق قارىمىساق، ھەقىقەت بولمايدۇ. شەيئىلەر ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىدۇ، كىشىلەر ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەيدۇ، بۇ، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىغا باغلىق بولمىغان قانۇنىيەت، ئادەمنىڭ قورسىقى ئاچقاندا تاماق يەيدۇ، تاماقنى يىگەندىن كېيىن ھەزىم قىلىدۇ، بىر قىسمىنى چىقىرىۋېتىدۇ، بۇ، ياشاشنىڭ ئېھتىياجى. ئۇنداق بولمىغاندا ئادەم ئۆلۈپ قالىدۇ. بىر تەرجىمان خىزمەت قىلىدىكەن، ئۇ بىلىمگە مۇھتاج بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆگىنىشى، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىشى كېرەك، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشى، ئۈزلۈكسىز ئىشلىتىشى كېرەك. بۇ، خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى، ئىنقىلاپنىڭ ئېھتىياجى، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشىشنىڭ ئېھتىياجى. ئۇنداق بولمىغاندا، ئارقىدا قالىدۇ، تەرجىمان بولالمايدۇ، كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىپ، "ئىشسىز" بولۇپ قالىدۇ. تەرجىمە خىزمىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەلۋەتتە، تەرجىمانلىق قىلالمىسا، باشقا ئىش قىلسىمۇ بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھوكمى بولەك. بەزىلەر گېزىت كورمەي، كىتاب ئوقۇماي ھېسىياتقا تايىنىپ ئىش كورىدۇ، ھوقۇقىغا تايىنىپ جان باقىدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، تەرجىمانلارنىڭ كىتاب كورۇپ ئۆگەنگىنىنى كورسە، ئوزىنىڭ كەسپى ئىشى بىلەن شۇغۇللانمىدى، تەتۈر يول تۇتتى، دەپ قارايدۇ. ئۇلار بىلىمنىڭ ئىنقىلاپنىڭ بايلىقى ئىكەنلىكىنى، كۈچىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ دەسمايىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، شۇڭا، ئۇلار تەرجىمانلارنى ئىشلىتىشنىلا بىلىپ، يېتىشتۈرۈشنى بىلمەيدۇ، ئۇلارغا ۋەزىپە تەقسىم قىلىپ بېرىشنىلا بىلىپ، دەردىگە دەرمان بولۇشنى بىلمەيدۇ؛ ئۇلارنى ھەدېسىلا ئەيىپلەيدۇ، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى بىلمەيدۇ. بەزى يولداشلار تەرجىمان كالاچقا ئوخشايدۇ، لازىم بولغاندا كىيىدۇ، لازىم بولمىغاندا تالاغا تاشلاپ قويىدۇ، دېيىشىدۇ، بۇنداق ئەھۋال راستىنلا مەۋجۇت. تەرجىمە خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلمىگەچكە، تەرجىمانلارنى تەربىيىلەيدىغان كۇرس، بىلىمىنى ئاشۇرىدىغان مەكتەپ گايىدا بار، گايىدا يوق بولۇپ قالدى، ياكى نامىدا بار، ئەمەلىيەتتە يوق، ياكى ھېساپتا بار، ھەمياندا يوق بولۇپ قالدى. تەرجىمانلارغا ئېكسكورسىيە قىلىش، ئۆگىنىش پۇرسىتى ۋە بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش يەنىلا تاغنىڭ نېرىسىدىكى ئىش بولۇپ قالدى. "تەرجى-

مان گەپنىلا تەرجىمە قىلىدۇ، باشقىلار نېمە دېسە، شۇنى ئورۇپلا قويىدۇ، ئۆگىنىشنىڭ ھاجىتى يوق" دەپ قارىغۇچىلارنىڭ سۆزى بويىچە شۇلارنىڭ ئۆزىگە قارايدىغان بولساق، ئەشۇلاردەك كاللا ئىشلەتمەيدىغان، تىرىشىپ ئۆگەنمەيدىغان، كۈچ سەرپ قىلمايدىغان، خىزمەت قىلمايدىغان، يۇقىرى نېمە دېسە شۇنى يېزىپ قويىدىغان "كاناي"لارنىڭ ئورنىنى ئاللىقاچان لۈيىنجى بىلەن جوزا ئىگىلىسە بولماسمىدى؟ بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تولىمۇ ئورۇنسىز، تەدبىر قوللىنىپ ئەستايىدىل تۈزىتىش كېرەك. تەرجىمان ئىشلىتىۋاتقان بارلىق ئورۇنلار پارتىيىنىڭ كادىرلار سىياسىتىنى ئەمەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارغا ئۆگىنىش، بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتى بېرىپ، خىزمىتىگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا خىزمەت قىلدۇرۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ يېڭى كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈشكە يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى، ئىزباسار مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، تەرجىمانلار قوشۇنىنى زورايتىشنى ۋە تەرجىمە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئۈمىت قىلىمىز.

يولداشلار، ۋەتىنىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىسى بىزنى چاقىرماقتا، خەلقىمىز بىزنىڭ ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىپ بېرىشىمىزنى كۈتمەكتە، پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئالغا بېسىش يولىمىزدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېچىلغان بۇ قېتىمقى تەرجىمە خىزمىتى يىغىنىدا مۇناسىۋەتلىك سىياسەت مەسىلىلىرى ۋە بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىدۇ ۋە ھەل قىلىنىدۇ، بۇ بىز ئۈچۈن ناھايىتى زور ئىلھام ۋە مەدەت، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەرجىمە خىزمىتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۈرتكە، شۇڭا ئىشەنچىمىزنى ئاشۇرۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، باشقا سەپلەردىكى يولداشلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقىمىزنى كۈچەيتىپ، قەھرىمانلارچە كۆرەش قىلىپ، ئەمگەك نەتىجىلىرىمىز ئارقىلىق 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ كوپ، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى. ئۆمۈر بويى قېنىمىزنى سىڭدۈرۈپ، تەر ئاققۇزۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىشى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپىمىزنى قوشايلى!

# كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ تىل بايلىقى توغرىسىدا

## نىزارىنىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنىڭ تىلى ھەققىدىكى بەزى تەسىراتلىرىم

بەھاۋۇدۇن قادىر

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە-
نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر يونۇلۇش
ۋە سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە
ئەگىشىپ، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ تىرىش-
چانلىقى بىلەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئە-
دەبىياتىغا دائىر بەزى ئەسەرلەر نەشر
قىلىندى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت
قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» نام-
لىق ئۇلۇغ ئەسىرىنىڭ جامائەتچىلىك بىلەن
يۈز كۆرۈشىشى بىز تىل خادىملىرى
ئۈچۈن ئىنتايىن زور خۇشاللىق بولدى.
بىز بۇنىڭ بىلەن، ئۆز تىلىمىزنىڭ ئۆت-
مۈشى بىلەن تونۇشۇش، ئۇيغۇر تىلى ۋە
ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق
قىلىش، پارتىيىنىڭ «كونىلىرى ئاساسىدا
يېڭىنى يارىتىش»، «قەدىمقىنى بۈگۈن
ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» فاڭجېنىغا ئا-
ساسەن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىختىكى يۈك-
سەك ئىپادىلەش ماھارىتىدىن پايدىلىنىپ،
تىلىمىزنى بېيىتىپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت
قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق.

تىل ئۆگىنىش — ئاخبارات خادىم-
لىرى، تەھرىر - تەرجىمانلارنىڭ ھەر ۋا-
قىت ئەستىن چىقىرىشقا بولمايدىغان مۇھىم
ۋەزىپىمىز. بىز تىل ئۆگەنگەندە خۇددى يول-
داش ماۋزېدۇڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ئۈچ
تەرەپتىن ئۆگىنىشىمىز لازىم. بىرى، خەلق
تىلىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. خەلقنىڭ تىلى
جانلىق، مەزمۇنلۇق تىل بولۇپ، بىزنىڭ
تىل ئۆگىنىشىمىزنىڭ ئاساسى، ئەدەبىي
تىلىمىزنىڭ شاۋقۇنلاپ ئېقىپ تۇرغان بۇل-
قى. يەنە بىرى، قېرىنداش مىللەتلەر تىل-
لىرى ۋە چەتئەل تىللىرى تەركىبىدىكى ئۆزى-
مىزگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى جانلىق قو-
بۇل قىلىشىمىز لازىم. يەنە بىرى، قەدىمقى

كىشىلەرنىڭ تىلىدىكى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ئۇيغۇر كىلاسسىك يازغۇچىلىرىنىڭ خەلق ئارىسىغا بېرىپ، خەلق تىلىنى ئوبدان ئۆگىنىپ، ئۇنى ئىخچاملاپ ئەدەبىي تىل سەۋىيىسىگە كۆتەرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»نى يېزىش جەريانى ئۈستىدە توختۇلۇپ: "مەن شۇ تۈركلەرنىڭ... شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن-ئاياق كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم" دەپ يازىدۇ. ئالىمنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئەسىرىنىڭ مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قامۇسلۇق رولىنى تېخىمۇ نامايەن قىلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ تۈركى خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي ۋە جانلىق تىلى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئەتراپلىق تەكشۈرۈشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بىز 18 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنى ئوقۇغىنىمىزدىمۇ داستاننىڭ باش قەھرىمانلىرى بولغان فەرھاد بىلەن شىرىننىڭ ئەگرى - توقاي سەرگۈزەشتىلىرىدىنلا ئەمەس، بەلكى داستاننىڭ نەپىس سۆز ماھارىتىدىنمۇ تەسىرلىنىمىز. بۇ ئەسەر چىن ئىنسانى مۇھەببەتنى، ساداقەتلىكنى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش يولىدىكى يۈكسەك ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلانلا قالماستىن، بىزگە شۇ ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مول سۆز بايلىقىنىمۇ نامايەن قىلىدى. مەن تۆۋەندە بۇ داستاننىڭ سۆز بايلىقى ئۈستىدە بەزى تەسىراتلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن، تىل ئۆگىنىشتە خەلقنىڭ جانلىق تىلىدىن ئىبارەت باراخسان مۇۋازىرلىق بىلەن كىلاسسىك تىلىمىزدىكى ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى بىرلەشتۈرۈش لازىملىقى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

1. شائىرنىڭ "خاماندىن ياشاق تېرىش" روھى ھەققىدە بىز داستاننىڭ ھەر بىر ماۋزۇسىنىڭ بېشىدا بېرىلگەن مۇقەددىمە باياندىن شائىرنىڭ داستاننىڭ تىلى ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئەمگىكىنىڭ نەقەدەر زور بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. شائىر مۇنداق دەپ يازىدۇ:

چۇ سوز بۇلبۇلى چەكتى مۇنداق نىۋا،
ئىبارەت گۈلشەندە تۈرلۈك سادا. (85)

(سوز بۇلبۇلى ئىبارەتلەر گۈلشىنىدە تۈرلۈك ئاۋاز بىلەن مۇنداق سايرايدۇ:)

خىرەد تەۋسەنى بەردى سوزدىن خەبەر،
تەكەللۇم بىلەن ساچتى شىرىن شەكەر، (116)

(ئەقىلنىڭ تۇلپارى سوزدىن خەۋەر كەلتۈردى، سوز بىلەن (تىلىدىن) شېرىن شېكەر چاچتى.)

چۇ سۆز خىرمەنىدىن تېرىپ خوشەئى،
يۇنان سارىغە ئەيلەدىم قوشەئى. ( 147 )

(سۆز خامىنىدىن باشاق تېرىپ،
يۇنانغا بىر دىشىنىڭ سەپەر جابدۇغىنى
قىلدىم.)

چۇ سۆز ۋادىسىغا سۈرۈپ رەخشىنى،
قەلەم كامى بىرلە چېكىپ نەي قەشىنى.
( 717 )

(ھېكايىچى قەلەم تولپارىنى سۆز ۋادىسىغا چاپتۇرۇپ. باسقان قەدەملىرى ئارقىلىق رەسىم سىزدى.)

شائىر ئەنە شۇنداق چىرايلىق ئوخشىتىش ئارقىلىق كىشىنى داستاننىڭ گۈزەل مىسرالىرىغا جەلپ قىلىدۇ. بىز بۇ مىسرالاردىن. «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنىڭ شائىرلىرىنىڭ "ئەقىل غارىدىن چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەرنى قېزىپ"، "قەلەم تۇلپارىنى سۆز ۋادىسىغا چاپتۇرۇپ"، "ئىنبارىلار گۈلشەنىدە سۆز بۇلبۇلى بولۇپ سايراپ"، "قەلەمدىن قەنت - شېكەر تامغۇزغانلىقى" نىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇلار ئادەتتىكى ئوخشىتىشلا بولماستىن، بەلكى شائىرنىڭ داستاننى يېزىش ۋە ئۇنىڭ تىلى ئۈچۈن ئىشلەش تەجرىبىسىنىڭ يەكۈنى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

تىل ماھارىتىنى ئەدىبى ئەسەرلەرنى ئادەتتىكى خەۋەرلەردىن پەرقلەندۈرىدىغان مۇھىم بىر پەرق. بىز «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنىڭ تىلىدىن ئاۋتورنىڭ ھەقىقەتەنمۇ داستاننىڭ تىلى ئۈستىدە ئىنتايىن باش قاتۇرغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

داستاننىڭ قەھرىمانلىق ھەققىدىكى، تەبىئەت مەنزىرىلىرى، گۈزەللىك، فەرھاد ۋە شىرىننىڭ ئالىجاناپ پەزىلىتى، جۈملىدىن سەلبى ئوبرازلارغا دائىر تەسۋىرلىرىدىكى سۆز بايلىقى خۇددى "كىمخاپ ئۈستىگە كەشتە تىككەندەك"، ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكىنى شۇنچە جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتە سەرپ قىلغان ئەمگىكىنى "سۆز خامىنىدىن - باشاق تېرىش" دېگەن ئوخشىتىش بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. يەنى شائىر خاماندەك دۆۋە - دۆۋە سۆزلەرنى ئۇدۇللۇق ئىشلىتىۋەرمەستىن، خۇددى خاماندىن ياخشى ئۈنگەن ھەم توق دان ئالغان باشاقلارنى ئۇرۇقلۇققا تاللىغاندەك، ئەڭ نەپىس ۋە ۋەزىنلىك سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلەتكەن، شۇڭا داستاننىڭ تىلى كىشىنى جەلپ قىلارلىق ھالدا گۈزەل چىققان. بىز يېزىقچىلىق ۋە تەرجىمە ئىشلىرىدا بۇنداق "خاماندىن باشاق تېرىش" روھىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

2. داستاننىڭ تىل ماھارىتى ھەققىدە

(1) قەھرىمانلىق ھەققىدىكى

تەسۋىرلەش تىل ماھارىتى داستاننىڭ نەپىس تىلى ئۇنىڭ ھەر بىر باپ، ھەر بىر قۇردا ۋەقەلىككە شۇنچە كۈچلۈك يېقىملىق ۋە قىزىقارلىق تۈس بېرىپ، ۋەقەنىڭ ئۆز ئەينىنى كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. فەرھادنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىش، تاغ يېرىپ ئۆستەڭ چېپىش جەريانىدىكى ئاجايىپ قەھرىمانلىقى مۇنداق يېغىنچاق ئوخشىتىشلار بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ:

كېلىپ ئەژدىھانىڭ ماكانىغا تېز،
سالىپ باشىغا بەرقىدەك رۇستەمخىز.
( 213 )

(كوپ ئۇتمەي ئەژدىھانىڭ ماكانىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، ئەژدىھانىڭ بېشىدا چاقماق چاققاندەك قىيامەت قوپاردى ).

چىقار زەربىدىن رەئد ياڭلىغ سادا،
مۇنىڭ كارىغا ئەل قىلىپ جان فىدا،
( 511 )

(مىتىنىنى ھەر بىر ئۇرغاندا ھاۋ گۈلدۈرلىگەندەك ئاۋاز چىقاتتى، بۇنىڭ ئىشىغا خەلق بارىكاللا ئېيتاتتى ).

فەلەكنىڭ يۈزىنى فىگار ئەتتى تاش،
قەمەرنىڭ ئۈزارىدىن قىلىبان خاراش.
( 510 )

(تاش ئۇرلەپ چىقىپ ئاسمان يۈزىنى جاراھەتلەندۈرەتتى، ئاينىڭ يۈزىنى تاتىلايتتى ).

يۇقۇرىدىكى 3 كوپلېتتىلا فەرھادنىڭ ئەژدىھا بىلەن ئېلىشىش ۋە ئۇستەك چېپىش جەريانىدىكى، قەھرىمانلىقى كىشىنىڭ كوز ئالدىدا نامايەن بولىدۇ، "چاقماق چاققاندەك قىيامەت قوپاردى" دېگەن بىر جۈملە ئىقچام سوز بىلەن فەرھادنىڭ ئەژدىھا بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنىڭ بېشىغا شەمشەر ئۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان بېشىنى كولدۈرماما كەبى كۈچ ئارقىلىق يەر بىلەن يەكسان قىلغانلىقى گەۋدىلەنسە، "تاش ئورلەپ چىقىپ ئاسمان يۈزىنى جاراھەتلەندۈرەتتى" دېگەن سوز بىلەن ئۇنىڭ ئۇستەك چېپىشتىكى باتۇرلىقى گەۋدىلىنىدۇ. فەرھادنىڭ ئېتى مۇدۇرۇپ كېتىپ ئاتتىن يىقىلمىش ئالدىدا تۇرغان شىرىنىنى قۇتقۇزۇشتىكى باتۇرلىقى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

كېلۇر ئېردى ئول دەم جاھان ئافەتى،
چاپىپ تېزلىگىدىن مۇدۇردى ئاتى.
( 578 )

(جاھانغا ئاپەت سالغۇچى گۈزەل كېلىۋاتقان چاغدا، ئېتى بىردىن مۇدۇرۇپ كەتتى ).

قۇيۇندەك يېتىپ ئول سەنەم قاشىغە،
كوتەردى سەمەندى بىلە باشىغە. ( 581 )

(ئۇ سەنەمنىڭ قېشىغا قۇيۇندەك يېتىپ كەلدى ـ دە، ئېتى بىلەن قوشۇپ دەس كۆتەردى ).

ئالىپ دۇشمە ئاينى گەردۇن كەبى،
بولۇپ باشىدا فەرقەدۇن كەبى. ( 582 )

(خۇددى ئاسمان ئاينى كوتەرگەندەك، ئۇنى يەلكىسىگە ئالدى، شىرىن ئۇنىڭ بېشىدا فەرقەدۇننىڭ تاجىدەك كورۇنەتتى ).

يۇرۇپ كوھكەن بەرق ئىلە بارىدەك،
توز ئەيلەپ قەدىن سەرۋ ئازاردەك.
( 585 )

(فەرھاد گۈزەل ئېسكەن سەرۋىدەك قەددىنى توز قىلىپ، چاقماقتەك ئىلدام، شامالدەك تېز ماڭدى ).

ھەممە دەيدى: "ئەھسەنتە ئەي نەۋجۇۋان،
كى قىلماس بۇ ئىشنى جاھان پەھلىۋان!" ( 588 )

(ھەممە كىشىلەر: "بارىكاللا، يىگىت! جاھان پەھلىۋانى (رۇستەممۇ) بۇ ئىشنى قىلالمايدۇ" ـ دەيدى.

دەر ۋەقە، داستان بىر رىۋايەت بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەسۋىرلەردە مەلۇم مۇبالىغە بولسىمۇ، لېكىن قەھرىمانىنى يېغىنچاق، ۋەزنىلىك ئىبارىلار بىلەن تەسۋىرلەشتىكى بۇنداق تىل ماھىرلىقى بىزنىڭ ئۈگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

(2) گۈزەللىك تەسۋىرلىرىدىكى تىل ماھارىتى شائىر داستانىنىڭ قەھرىمانلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئالىجاناپ خىسلىتىنى كىشىنى قايىل قىلارلىق بىر نەچچە مىسرا ئوخشۇتۇش بىلەنلا تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتىدىن تارتىپ ئىچكى دۇنياسىغىچە بولغان بارلىق ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

مېھىنبانۇ ئېردى چۇ ئەرمەنگە شاھ،
كى شىرىن مالاھەت سىپېھرىگە ماھ.

(466)

(ئەرمەنىنىڭ پادىشاسى مېھىنبانۇ ئىدى، شىرىن بولسا گۈزەللىك ئاسمىنىدىكى ئاي ئىدى).

كى مەي زورىدىن توختاتىپ ئۆزىنى،
تىكىپ ئول پەرىگە ئىككى كۆزىنى.

(672)

(ئۇ —فەرھاد— مەينىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ، ئۇ پەرىگە —شىرىنگە— كۆز تىكتى).

چۇ خۇرشىد ئىلە ماھ قىلدى قىران،
بولۇپ بىر - بىرىگە بولار ئىقتىران.

(675)

(گويا كۈن بىلەن ئاي يېقىنلىشىپ، بىر - بىرسى بىلەن ئۇچراشقاندەك بولدى).

توكۇپ ئاغزىدىن گوھەر ئول شاھۋار،
چۈبىدىل باشىدىن قىلىبان نىسار.

(691)

(ئۇ —شىرىن— ئاغزىدىن ئىسىل گۆھەرلەرنى تۆكۈپ، ئاشىق بىچارىنىڭ بېشىدىن چاچتى).

ئالىپ ئىلكىگە ماھ ياقۇت جام،
كى مەملۇ قىلىبان مەيى لەئىل فام.

(694)

(ئول ئاي قولىغا ياقۇت جام ئېلىپ، لەئىلدەك قىزىل مەي بىلەن توشقازدى-دە.)

ئۆزى نۇش ئېتىپ تۇتتى جانانىغە،
كى جانانى مىننەت تۇتۇپ جانىغە.

(695)

(ئاۋال ئۆزى ئىچىپ، ئاندىن سۆيگىنىنى ئۆز قەلبىگە ئېزىز تۇتۇپ، قەدەھنى سۇندى).

شائىر مۇشۇ ھەقتىكى تەسۋىرلىرىدە يەنە فەرھادنىڭ ھەر بىر سۆزىنى "تىنىق گۆھەر" گە ئوخشىتىدۇ، فەرھادنىڭ شىرىن بىلەن ئۇچراشقان چاغدىكى خىجالەتچىلىكىنى "غۇنچىدەك يۈرىكى سىقىلاتتى" دېگەن سۆز بىلەن، ئۇنىڭ ھاياجان ئىچىدە ئېقىتىۋاتقان كۆز يېشىنى "ياقۇت ياكى ئانارنىڭ دانىسىدەك ئىدى" دېگەن سۆز بىلەن تەسۋىرلەيدۇ.

(3) سەلبىي تىپلار تەسۋىرىدىكى تىل ماھارىتى شائىرنىڭ ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ خىسلىتى ھەققىدىكى ھەر بىر ئىخچام ئىبارىلىرى كىتابخانلارنىڭ ئۇلارغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى قوزغىتىدۇ،

سەلبى قەھرىمانلار ھەققىدىكى تەسۋىرلىرىمۇ كىشىدە ئۇلارغا بولغان چوڭقۇر غەزەپ - نەپرەتنى قوزغايدۇ. تۇۋەندە پەقەت جادىگەر ھەققىدىكى مىسرانىلا كورۇپ باقايلى:

ئەجەپ شۇم تەلئەت قىرى پىرە زەن،
كوزى كېچىسىدە داغى كەچ دەھەن.
(859)

(تەلەتىدىن شۇملۇق ياغدىغان جادىگەر موماي بولۇپ، كوزى كېچىسىدە، ئاغزى مايماق).

قەراقى ئانىڭ كەچكەسىگە يېقىن،
ھەمە شەيئىلەرنى كورەر كېيىندىن.
(860)

(كوز قارىچۇقى كېچىسىگە يېقىن بولۇپ، ھەممە نەرسىنى كېيىندىن كورىدىغان)؛

يورۇسە ئەگەر مىكر دەكىنى ساچىپ،
قاراسىنى كورگەندە شەيتان قاچىپ.
(862)

(ئەگەر ھىلە - تۇزاق قۇرۇش ئۈچۈن چىقسا، شەيتانىمۇ قارىسىنى كورۇپلا قېچىپ كېتەتتى) ......

دىبان يىغلادى ئول قىرى زر - زار،
كوزى بولدى ئانىڭ چۇئەبرى باھار.
(889)

(قىرى زار - زار يىغلاپ، كوزىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش... توكتى) ......

يۇقۇرىدىكى تەسۋىرلەردىن جادىگەرنىڭ ھىلىگەر، ئىككى يۈزلىمە، "ئاغزىدىن ھەسەل، دىلىدىن زەھەر" تىپىپ تۇرىدىغان يىركىنىچلىك قىياپىتى تولۇق ئايان بولىدۇ.

3. داستاندىكى تەمسىل ۋە ئىدىيولار

داستانىڭ تىل بايلىقى داستاندىكى مۇكەممەل ئوخشۇتۇش، ۋە ئىدىيولاردىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. مەن تۇۋەندە بىر نەچچىنى مىسال كەلتۇرىمەن.

1. "سەدەپنىڭ ئىچىدىن نۇرلۇق گۆھەر چىقتى"
(فەرھادنىڭ توغۇلىشى سەدەپنىڭ ئىچىدىن گوھەر چىققانىغا ئوخشۇتىلىدۇ) ...
2. "پەرۋىش قىلىپ ۋايىغا يەتكۇزۇش"
(بۇسوزنى پادشا فەرھادنى ئىنىكئانىغا تاپشۇرغاندا ئىشلىتىدۇ).
3. "جۇدالىقنىڭ دەرت ئەلىمى، سۆيگۈ ئىشتىياقى"
(فەرھادنىڭ يىغىسىدىن جۇدالىقنىڭ دەرت-ئەلمى بىلىنىپ تۇراتتى، ساپ نەپسىدىن ھىساپسىز-سويگۇ- ئىشتىياقى مەلۇم ئىدى).
4. "تاشتىن يونۇپ ياسىغان دەرەخ"
(باغدا فەرھادنىڭ كوزىگە تاشتىن يونۇپ ياسىغان قانچىلىغان دەرەخلەر كورۈنىدۇ)
5. "شام چىراق بولۇپ ئولتۇرۇش"
(...ھەممە دىنالارنى توپلاپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا شام چىراق بولۇپ ئولتۇردى)
6. "تەختتە ئولتۇرۇپ چىرىغىنى ياندۇرۇش"
(ئۇ - فەرھاد - تەختىدە ئولتۇرۇپ چىرىغىنى ياندۇرسا، ھايات ۋ قتىدا مال - مۇلۇك، غەزنىگە ۋارىسلىق قىلسا).
7. "يەر ئوپۇپ، قۇللۇق ئادا قىلىش"
(كىشى ئالدىدا "تولۇمۇ ياخشى بولۇپتۇ" دەپ خوشامەت قىلىش)
8. "ئاستىدا بىر پارچە بورا بولسا، شۇ كىپايە"

( ماڭا تاج ـ تەختىنىڭ كېرىگى يوق ) .
( فەرھادنىڭ سوزى )

9 . "ئىستائەت قىلىچىنى بوينىغا ئېسىش"
( ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىگىگە قايىل بولۇش مەنىسىدە )

10 . "تاج ئادەمگە نانىنىڭ پۇرىغى كەلگەندەك"
( ئەژدىھانىڭ دىمىغىغا ئىنسانىنىڭ پۇرىغى كەلدى )

11 . "بۇلاقنىڭ شاۋقۇنىدىن دىلنىڭ جەۋھىرى ئېچىلىدۇ"...

12 . "پېشانىسى تولۇن ئايدەك"
( تاغ كەسكۈچى مويسىپىت ھەققىدىكى تەسۋىر )

13 . "بېشىسى سامان يولىغا تاقىشاتتى"
( ئېگىز تاغ ھەققىدىكى تەسۋىر )

14 . "بۇلۇت ئىچىدىن قۇياش يۈز ئاچتى"
( تۇيۇقسىز شامال چىقىپ، شىرىنىڭ يۈزىدىكى پەردە كۆتۈرۈلگەندە، شىرىن شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ )

15 . "خىيال دېڭىزىغا غەرىق بولۇش"

16 . "ئىشقىنىڭ قارىغىنى بوينىغا سالدى"
( شىرىن فەرھادنى كورگەندىن كېيىن )

17 . "سوزى تىنىق گۆھەردەك"
( فەرھادنىڭ سالماقلىقى شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ )

18 . "ۋۇجۇدى سىماپتەك تىترەپ كەتتى"
( فەرھاد شىرىننى كورگەندە )

19 . "دىل غۇنچىسى ئېچىلدى"
( شىرىن فەرھادنى كورگەندە )

20 . "ھەر قاندەك گۇماندىن پاك"
( فەرھادنىڭ ئاق كوڭۈللۈگى )

21 . "كۆڭگە چولپان ياندىشىش"
( فەرھاد بىلەن شىرىنىڭ بىر يەرگە كەلگەنلىگى شۇنداق تەسۋىرلەنگەن )

22 . "ياقۇت جام، لەئلىدەك قىزىل مەي"

23 . "يولىغا تىكەن ئۈنۈش"
( سەپەر ئۈستىدە دۈشمەنلىك بولۇش )

24 . "كوڭلىدە گوھەردەك يوشۇرۇن ساقلاش"
( بىر ئىشنى كوڭلىدە خۇددى گۆھەردەك چىڭ ساقلاش )

25 . "مۈشكۈلى ئاسان بولۇش"

26 . "تەلەيدىن شۇملۇق يېغىش"

27 . "باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈش"
( جادىگەر كوزىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش توكىدۇ )

28 . "يورۇق جاھان قاراڭغۇ كورۈنۈش"
( ئەس ـ ھوشىنى يوقۇتۇش )

29 . "ئۆزىنى كاچاتلاپ، يۈزىنى قانغا بوياش"
( شاپۇر فەرھادنىڭ جەسىدىنى كورۈپ ئۆزىنى كاچاتلاپ يۈزىنى قانغا بويايدۇ )

30 . "ئىگىلگەن بويۇنى قىلىچ كەسمەيتۇ"
( شىرۇيەنىڭ بەھرامغا خېتى )

يۇقۇرىقىلار داستاندىكى تەمسىل ۋە ئىدىيولارنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. بۇنىڭدىن كورىمىزكى، كلاسسىك ئەسەرلەر، بولۇپمۇ كلاسسىك ئەدەبى ئەسەرلەر تىل بايلىغىمىزنى ئاشۇرۇشىمىزنىڭ كام بولسا بولمايدىغان بىر مەنبەسى. بىز تىل ئۆگىنىشتە، بولۇپمۇ لوغەتچىلىك ئىشلىرىمىزدە بۇ مەنبەگە سەل قارىماسلىغىمىز، بەلكى ئۇنى ئىنچىكە تەھلىل ـ تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭدىكى كومۈلۈپ ياتقان گۆھەرلەرنى قېزىشىمىز لازىم. بۇ مېنىڭ كلاسسىكلىق ئەسەرلەرنىڭ تىل بايلىغىدىن پايدىلىنىش ھەققىدىكى ئۆزەكى تەسەۋۋۇراتىم.

# تەرجىمە نەزەرىيىسىگە دائىر

## تەرجىمىدە مەزمۇن بىلەن شەكىل بىردەك تولۇق ئىپادىلىنىشى كېرەك

ماۋپېيخەن

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ ھازىرغىچە خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ۋە ئۇيغۇرچىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتى ناھايىتى زور ئىلگىرىلىدى، نۇرغۇن تەرجىمانلار ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق بىزنى ئۆزلۈكسىز يېڭى تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى. ئازات بولۇپ ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان گېزىت-ژورنال ۋە كىتابلارغا بىر قۇر نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇخىل ئىلگىرىلەشنى كۆرۈۋالالايمىز؛ تەرجىمىسى ياخشى چىققان بەزى ئەسەرلەرنى سېلىشتۇرۇپ قاراپ چىقىدىغان بولساق، ئىشەشلىك ۋە دەلىل-ئىسپاتلىق ھالدا تەرجىمىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭدىكى ماھارەتنى تېپىپ چىقالايمىز. ئەپسۇسكى، بىزدە تېخى تەرجىمە ئەمەلىيىتىنى تۈپ قائىدىلەر بىلەن تەمىنلەيدىغان تەرجىمە نەزەرىيىسى بەرپا بولغىنى يوق، تەرجىمىنى باھالاش خىزمىتى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىلمىدى، تەرجىمە خىزمىتىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلارمۇ ئىلمىي ۋە سىستېمىلىق خۇلاسىلانمىدى، نەتىجىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر كېڭەيتىلمىدى، ناچار خاھىشلار ۋاقتىدا تۈزىتىلمىدى.

بۇ ماقالىدا ئۇيغۇرچىنى خەنزۇچىغا، خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدىغان شەكىلچىلىك ۋە لىبېراللىق خاھىشلىرى ئۈستىدە، يېزىق تەرجىمىدىكى تەپەككۇر بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئۆزۈمنىڭ شەخسىي پىكىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

تەرجىمە ئوقۇتۇشىدا ۋە كۈندىلىك ماتېرىيال كۆرۈش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلىۋاتىمىزكى، شەكىلچىلىك ۋە لىبېراللىق تەرجىمىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىككى خىل خاھىش بولۇپ قالدى. شەكىلچىلىك خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈكرەك، لىبېراللىق بولسا ئۇيغۇرچىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتا گەۋدىلىكرەك. شەكىلچىلىكنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى شەكىلگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، مەزمۇنغا سەل قاراش، يەنى تىل شەكلىنى سۆزمۇ-سۆز، جۈملىمۇ-جۈملە كۆچۈرۈپ قويۇپ، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا سەل قاراشتىن ئىبارەت؛ لىبېراللىقنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى مەزمۇنغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، شەكىلگە سەل قاراش، يەنى ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى

ئىپادىلىنىشىدا ئەھمىيەت بېرىپ، تىلنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە سەل قاراشتىن ئىبارەت. بۇخىل خاھىشنىڭ تۇغۇلۇشىدىكى سەۋەپلەر كۆپ، لېكىن، تەپەككۇر بىلەن تىلنىڭ بىرلىكى مۇناسىۋىتىگە سەل قاراش، تەرجىمىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىغا سەل قاراش، ئېھتىمال، ئاساسىي سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن.

تەرجىمىدىكى تەپەككۇر بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ئەمەلىيەت مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى زور نەزەرىيە مەسىلىسى. بۇ مەسىلىنى ئېنىقلىۋېلىش تەرجىمە نەزەرىيىسى قۇرۇلۇشىدا، تەرجىمىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. ئىدىيە بىلەن تىل تەرجىمىدىكى تۈپ مەسىلە

دۇنيا تەرجىمە تارىخىدا بەزىلەر مۇنداق بىرخىل كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان، يەنى: تەرجىمان مۇقەررەر ھالدا ئىككى يوشۇرۇن خادا تاشنىڭ بىرىگە ئۇسۇپ مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ دېگىنى: تەرجىمە تىلى تەرجىمە قىلىنىدىغان تىلغا ھەددىدىن ئارتۇق يېقىنلىشىپ كەتسە، تەرجىماننىڭ مىللىي تىلى زىيانغا ئۇچرايدۇ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆز تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بەك كۆپ ئېتىۋار بېرىلىپ كەتسە، ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر يېتىدۇ.

بۇ بىرخىل "تەرجىمە قىلغىلى بولماسلىق" كۆز قارىشى بولۇپ، ئاللىقاچان ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئىنكار قىلىندى. ئەمما، تەرجىمىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنى بارمۇ-يوق، بۇ مەسىلىدە ھازىرغىچە قاراش بىرخىل ئەمەس. بىرخىل قاراشتىكىلەر، تەرجىمە بىر سەنئەت، ئۇ رەسساملارنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ، بۇنىڭدا پەقەت تەرجىمانىنىڭ تالانتى ياكى ھوشيارلىقىلا كېرەك، ئۇنى ئۆگەتكىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا ئەمەل قىلىدىغان مۇقىم بىر قانۇنىيەت يوق، دەپ قارايدۇ؛ يەنە بىرخىل قاراشتىكىلەر، تەرجىمە بىرخىل تېخنىكا، خۇددى بىر سىرچىلىققا ئوخشايدۇ، قاپاققا قاراپ نوگاي سىزسا بولىۋېرىدۇ، نەزەرىيە سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارايدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇنداق قاراشلار ئەتىراپلىق ئەمەس، بۇ تەرجىمە نەزەرىيىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، شۇنداقلا تەرجىمە خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ توسقۇن بولىدۇ.

بىزنىڭچە، تەرجىمىدە ئەمەل قىلىدىغان قانۇنىيەت بار. بۇ قانۇنىيەت ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە تىل شەكىللىرىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەرجىمىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى جەھەتتىن ئىزدىنىش كېرەك.

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئۆزىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مەزمۇن بىلەن شەكىل ئوخشاش بىر شەيئىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى تەرىپى بولۇپ، قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىكى. ئۇنداق بولسا، تەرجىمىدىكى مەزمۇن بىلەن شەكىل زادى نېمە؟ بىزنىڭچە، بۇ — ئىدىيە بىلەن تىل. بۇ نۇقتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، تەرجىمە

نىڭ تەدبىرى، تەرجىمىنىڭ ئوبېكتى، تەرجىمىنىڭ ۋەزىپىسى قاتارلىق 3 جەھەتتىن كىرىشىش لازىم.

تەرجىمىنىڭ تەدبىرى، سوۋېت ئالىمى فېدروۋ ئۆزىنىڭ «تەرجىمە نەزەرىيىسى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: "تەرجىمە بىر تىلدا مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ ئايرىلماس بىرلىكى ئاساسىدا ئىپادىلەنگەن نەرسىنى توغرا ۋە تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت." ئەنگلىيە ئالىمى نېۋماك ئۆزىنىڭ يېقىندا يازغان بىر پارچە ماقالىسىدا: "تەرجىمە — بىر تىلدا خاتىرىلەنگەن خەۋەرنى ئىككىنچى بىر تىلدىكى تەڭ قىممەتتىكى خەۋەرگە ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقىت" دەيدۇ. بۇ ئىككىسى تەرجىمىگە بېرىلگەن بىر قەدەر ياخشى تەدبىر. بۇ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇدىكى، تەرجىمە، مەيلى ئېغىز تەرجىمىسى بولسۇن ياكى يېزىق تەرجىمىسى بولسۇن، ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى بىلەن تىلىنى بىر گەۋدە قىلىپ، باشقا بىر تىل بىلەن قايتا ئىپادىلەش؛ ياكى بولسا، مەلۇم ئىدىيىنى (ياكى خەۋەرنى) تىلنىڭ ئالمىشىشى ئارقىلىق، بىر دائىرىدىن ئىككىنچى بىر دائىرىگە يەتكەش، بىر مىللەتتىن ئىككىنچى بىر مىللەتكە يەتكۈزۈش، شۇنىڭ بىلەن مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى بېيىتىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت.

تەرجىمىنىڭ ئوبېكتى — ئەسلى ئەسەر (ياكى نۇتۇق). ئەسلى ئەسەر ئىدىيە بىلەن تىلدىن ئىبارەت ئىككى ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (ئۇسلۇب ئىدىيە ۋە مەزمۇن بىلەن تىل شەكلىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ). ئىدىيە ئاپتورنىڭ يازغانلىرىنىڭ ھەممىسى بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئىدىيە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ تىلدىكى ئىنكاسى؛ تىل ئاپتورنىڭ ئىدىيىسىنى ئىپادىلەش شەكلى بولۇپ، تەرجىمىدىكى ئەسلى نەرسە ئەمەس، بىراق، ئەسلى ئەسەر — بىر پۈتۈن گەۋدە، بۇ بىر پۈتۈن گەۋدە ئىدىيە بىلەن تىلدىن تەركىپ تاپقان بىرلىك.

تەرجىمىنىڭ ۋەزىپىسى، شەكىل جەھەتتىن قارىغاندا، باشقا تىلنى ئۆز تىلىغا، ياكى ئۆز تىلىنى باشقا تىلغا تەرجىمە قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، تەرجىمە ئىككى تىلنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش سەنئىتى بولۇپ، باشتىن - ئاخىر تىل بىلەن ھەپىلىشىدۇ، ئۇنىڭ قورالى - تىل. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇرۇن كىشىلەر تەرجىماننى "تىلماچ" دەپمۇ ئاتاشقان.

تەرجىمىنىڭ ۋەزىپىسى، ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، باشقا مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆز مىللىتى خەلقىگە يەتكۈزۈش، ياكى ئۆز مىللىتى خەلقىنىڭ ئىدىيىسىنى باشقا مىللەت خەلقىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا، تەرجىمە — ئوخشىمىغان مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇشتا ۋاستىچىلىك قىلىدىغان كۆۋرۈك، ئۇ باشتىن - ئاخىر ئىدىيە بىلەن ھەپىلىشىدۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتى پىكىر يەتكۈزۈش. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، كىشىلەر تەرجىماننى "توگچى" دەپ ئاتاشقان.

بۇنىڭدىن شۇنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇكى، تەرجىمىنىڭ مەزمۇنى - ئىدىيە، تەرجىمىنىڭ شەكلى - تىل. تەرجىمە، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىدىيىگە سادىق بولۇشنى ۋەزىپە، تىلدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىشنى قورال قىلىدۇ. ئىدىيە بىلەن تىل مەسىلىسى تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىكى توپ مەسىلە.

## 2. ئىدىيە بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتى

ماركسىزىم مەيلى ئىدىيە بولسۇن، ياكى تىل بولسۇن، يەككە ھالدىكى نەرسىلەر ئەمەس، ئۇلار ئوخشاشلا ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ ئىپادىسى، دەپ قارايدۇ. رېئاللىق — ئىدىيە — تىل بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. ئىدىيە - رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى، تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا تەپەككۇرنىڭ كونكرېت تەدبىق قىلىنىشى. تىل تەپەككۇرنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى، شۇنداقلا ئىدىيىنىڭ ماددىي تاشقى پوستى، ئۇ ھەم تىل مەنىسى ئارقىلىق رېئال دۇنيادىكى شەيئىلەر ياكى ھادىسىلار بىلەن ئالاقە قىلىدۇ، ھەم تەپەككۇر پائالىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار بىر - بىرىگە ئوتتۇشكەن، بىر - بىرىگە بېقىنىدىغان بىر گەۋدە. بىراق، ئىدىيە تىلغا باراۋەر ئەمەس، تىلمۇ ئىدىيىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، بۇ ئىككىسى ھامان پەرقلىق بولىدۇ، بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى بولغان بولىدۇ. ئالدى بىلەن، ئىدىيە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئىجتىمائىي ھادىسە، ئۇنىڭ رولى رېئاللىقنى ئىنكاس قىلىش؛ تىل بولسا مىللەتكە ئورتاق بولغان ئىجتىمائىي ھادىسە، ئۇنىڭ رولى شۇ مىللەتنىڭ تەپەككۇر قىلىشى ۋە ئالاقە قىلىشى ئۈچۈن ۋاستە بولۇشتىن ئىبارەت. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىدىيىنىڭ مەزمۇنى چەكسىز بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ مۇتلەق ھەرىكىتىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇ شەيئىلەرنىڭ جانلىق، ھەرىكەتچان، ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئامىلى، تىلغا كەلسەك، تىلنىڭ بىرلىكى ۋە شەكلى چەكلىك بولۇپ، شەيئىلەردىكى مۇتلەق تۇراقلىقنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇ شەيئىلەرنىڭ موقىم، مۇتەئەسسىپ ئامىلى. چەكلىك بولغان شەكىل بىلەن چەكسىز شەكىلنى ئىپادىلەش جەريانى زىددىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىدىيە بىلەن تىلنىڭ زىددىيىتى تىل تەرەققىياتىنىڭ مەنبەئى، شۇنداقلا ئىدىيىنىڭ يەنىمۇ زىچ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنىڭ ئىنكاسى. شۇڭا ئۇلار بىر - بىرىگە زىت بولغان قارىمۇ - قارشى بىرلىك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىدىيە، تىلدىن بۇرۇن تىل ئىدىيىدىن كېيىن بولغانلىقتىن، ئىدىيە زىددىيەت ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئىدىيىۋى مەزمۇن تىل شەكلىنى بەلگىلەيدۇ، تىلنىڭ ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، تىل بولسا پەقەتلا ئىدىيىنىڭ ئىپادە قىلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئىدىيىنىڭ ئىپادە قىلىنىشىنى قوزغىتىدۇ. مانا بۇلار ئىدىيە بىلەن تىلنىڭ ئۆز ئارا رولى، بۇنداق رولنى ئەسەر ۋە

نۇتۇقنى ئىگىلەش جەريانىدا تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەسەر ئاپتورنىڭ ئىدىيىسى ۋە تىلىنىڭ كۆپ قېتىم تەكرارلىنىشىنىڭ نەتىجىسى، بۇنىڭ جەريانى ئىدىيە — تىل — ئىدىيە بولىدۇ، يەنى ئاپتوردا ئالدى بىلەن بىرخىل ئاڭ پەيدا بولىدۇ، ئاندىن بۇ ئاڭ مۇۋاپىق سۆزلەر بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ، ئوتتۇرىدا بىر قانچە قېتىم ئۆزگەرتىلىدۇ.

نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئىدىيىسى بىلەن تىلىنىڭ قايتا-قايتا تەكرارلىنىشىنىڭ نەتىجىسى، بۇنىڭ جەريانىمۇ ئىدىيە — تىل — ئىدىيە بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، يەنى سۆزلىگۈچىدە ئالدى بىلەن بىر ئوي بولىدۇ، ئاندىن بۇ ئوي مۇۋاپىق سۆزلەر بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ، ئوتتۇرىدا سۆزلەر ۋە ئىپادىلەش ۋاستىلىرى بىر قانچە قېتىم تاللىنىدۇ. نىمە ئۈچۈن مۇنداق ئۆزگەرتىش ۋە تاللاشلار بولىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ئىدىيە بىلەن تىل ئوتتۇرىسىدا ماسلىشىش بىلەن ماسلاشماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت.

دىمەك، يازغۇچىنىڭ ئەسەر يېزىشى ۋە سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزلىشى ئىدىيىنى تىلغا ئايلاندۇرۇش، ئاندىن ئۇنى پىششىقلانغان تىل ئارقىلىق باشقىلارغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. بۇ، ئىدىيىدىن تىلغا بېرىش جەريانى بولۇپ، تىلنىڭ ئىدىيىدىن كېلىدىغانلىقىنى، بۇچاغدىكى تىلنىڭ ئىدىيىنىڭ جەۋھىرى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇنداق بولسا، تەرجىمە ئەسىرى قانداق مەيدانغا كېلىدۇ؟ تەرجىمە ئەسىرى تەرجىماننىڭ ئەسلى ئەسەرنىڭ تىلىنى ئىدىيىگە ئايلاندۇرۇش، ئاندىن بۇ ئىدىيىنى تەرجىمە تىلغا ئايلاندۇرۇشى ئارقىسىدا مەيدانغا كېلىدۇ. بۇنىڭ جەريانى ئەسلى ئەسەرنىڭ تىلى — ئىدىيە — تەرجىمە تىلى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ تىلدىن (ئەسلى ئەسەرنىڭ تىلى) ئىدىيىگە، ئاندىن ئىدىيىدىن يەنە تىلغا (تەرجىمە تىلغا) بېرىش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەرجىماننىڭ ئەمگىكى، يازغۇچىغا سېلىشتۇرغاندا، ئېشىپ چۈشسە چۈشىدۇكى كەم قالمايدۇ. يازغۇچى ئەسەر يازغاندا بىرەر سۆزنى جايىغا قويۇش ئۈچۈن قوسغىنىڭ ئاچچىقىنى، بەدىنىنىڭ ئاغرىقىنى سەزمەي ئويلانسا، تەرجىمان بىرەر ئاتالغۇنى جايىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھېچنەرسىگە بېرىلمەي كۈنلەپ - تۈنلەپ شۇ ئاتالغۇ ئۈستىدە ھەپىلىشىدۇ، يازغۇچى-تىلنىڭ سەنئەتكارى، ئىدىيىنىڭ قوماندانى. تەرجىمان- تىلنىڭ سەنئەتكارى، ئىدىيە تارقاتقۇچى.

يۇقۇرىقىلاردىن قارىغاندا، ئىدىيە بىلەن تىلدا ھەم بىرلىك بار، ھەم پەرق بار. ئەمما بىز تەرجىمانلارنىڭ ئوبيېكتى-ئەسلى ئەسەر، بۇ، ئىدىيە بىلەن تىلنىڭ بىرلىكى بولۇپ، ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، "ئىدىيىنىڭ چىنلىقى تىلدا ئىپادىلىنىدۇ" (ستالىن) "تىل ئىدىيىنىڭ ۋاستە ئىپادىسى" (ماركس)، "تىل

يۈرەكنىڭ ساداسى"، "سۆز ـ سۆيگۈنىڭ رىشتىسى" (كونىلار). شۇڭا، ئەسەر (ياكى نۇتۇق) گە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىدىيە بىلەن تىل زىچ باغلانغان ۋە بىر-بىرى بىلەن يېقىن ماسلاشقان بولىدۇ. ئەسەر مۇنداق بولغان يەردە، تەرجىمە تەسىرى تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ، يەنى ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى بىلەن تەرجىمە تىلى "ئىككىسى قوشۇلۇپ بىر بولغان" بولىدۇ. تەرجىمە نوقۇل هالدا تىللارنى بىر بىرگە ئورۇن قويىدىغان خىزمەت، ياكى ئىدىيىنى نوقۇل هالدا بىر - بىرىگە ئورۇن قويىدىغان خىزمەت دەيدىغان قاراشلار، ياكى تەرجىمە نوقۇل سەنئەت ۋە ياكى نوقۇل تېخنىكا دەيدىغان قاراشلار ئەتراپلىق قاراش ئەمەس. بىز شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىيە بىلەن تىلنىڭ زىددىيىتىنى تەھلىل قىلىمىزكى، تەرجىمە ئەسىرىنىڭ ئىجادىيىتى جەريانىدا، هەممىشە تىلنىڭ ئىدىيىگە ماسلاشماسلىق هادىسى يولۇقۇپ تۇرىدۇ، يەنى مۇناسىپ ئىدىيىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇناسىپ تىل بىرلىكى ۋە تىل شەكلى تېپىلماي قالىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا، تەرجىمان ئالدى بىلەن ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئىگىلىشى، ئاندىن بۇنداق ئىدىيىگە مۇۋاپىق تىل شەكلىنى تېپىشى ياكى يارىتىشى، شۇنىڭ بىلەن بۇنى تەرجىمە تىلىنى ئوقۇغۇچىلار چۈشىنەلەيدىغان ۋە قوبۇل قىلالايدىغان رېئال ئىدىيىگە ئايلاندۇرۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىككىنى قوشۇپ بىر قىلىش» جەريانىدا ئىدىيە بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش- خاتا تەرجىمىدىن ساقلىنىش، توغرا تەرجىمىنى شەكىللەندۈرۈش، تەرجىمە ئۆلچىمىگە يېتىشنىڭ ئاچقۇچى.

## 3 ـ ئىدىيە بىلەن تىلنىڭ بىر قەرەپ قىلىنىشى

ئىدىيە بىلەن تىل ـ تەرجىمىدىكى تۈپ مەسىلە، ئەمدى ئىدىيە بىلەن تىلنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، هەر ئىككىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىلمىي قانۇنىيەتلىرى بار، شۇڭا ئالماشتۇرۇپ بېرىش سەنئىتى هېساپلانغان تەرجىمە ئۆزلۈكسىز ئەمەلىيەتتىن ئۆتۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ سىستېمىنىڭ مۇهىم نۇقتىلىرى: 1) تەرجىمە ئىككى چوڭ تۈرگە ـ ئېغىز تەرجىمىسى ۋە قەلەم تەرجىمىسى دەپ ئايرىلىدۇ؛ 2) تەرجىمە ئىككى خاراكتېرغا ئىگە ـ ئىجادىيەت خاراكتېرى ۋە تېخنىكا خاراكتېرى؛ 3) تەرجىمان ئىككى جەھەتتە تەربىيىلىنىش كېرەك ـ تەرجىمە تىلى جەھەتتە ۋە كەسپىي بىلىم جەھەتتە تەربىيىلىنىش؛ 4) تەرجىمان ئىككى پرىنسىپقا ئەمەل قىلىشى لازىم، يەنى تىل بىرلىكىنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئەسلى ئەسەرنىڭ تىلى بويىچە چۈشىنىش، تەرجىمىدە سۆز ۋە جۈملىلەرنى تەرجىمە تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە تاللاش لازىم؛ 5) تەرجىمىدە ئىككى ئۆلچەمگە قاتتىق رىئايە قىلىش لازىم ـ ئەينەن بولۇش ۋە راۋان

بولۇش ئۆلچىمىگە ئەمەل قىلىش لازىم؛ 6) تەرجىمە ئىككى جەرياندىن — چۈشىنىش ۋە ئىپادىلەش جەريانىدىن ئۆتۈشى لازىم؛ 7) تەرجىمىدە ئىككى ئۇسۇلدا — ئەينەن تەرجىمە ۋە مەنا تەرجىمىسى ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. بۇ نەزەرىيىلەر تەرجىمىنىڭ تۈرىنى، خاراكتېرىنى شەرھىلەپ بېرىدۇ، تەرجىمە پائالىيىتىنىڭ ئىچكى مۇقەررەرلىكىنى ئىنكاس قىلىپ بېرىدۇ، بۇ — تەرجىمىدە ئىدىيە بىلەن تىل مەسىلىسىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ يېتەكچى پىرىنسىپى.

ئېغىز تەرجىمىسى يېزىق تەرجىمىسى ۋە يەتكۈزمە تەرجىمە دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. بۇنىڭدا پەقەت تەرجىماننىڭ قىلىنىۋاتقان سۆزنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئىگەللىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، سۆزنىڭ تىلى توغرىسىدا ئارتۇقچە باش قاتتۇرۇپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. يېزىق تەرجىمىسى سىياسى ماقالىلار تەرجىمىسى، پەن-تېخنىكا تەرجىمىسى، ئەدەبى تەرجىمە قاتارلىقلارغا بۆلىنىدۇ، بۇنىڭدا مەزمۇن بىلەن شەكىلنى بىردەك تولۇق ئىپادىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ، يەنى ھەم ئەسلى ئەسەردە نېمە دېيىلگەن بولسا، قالدۇرماي ئۆزپېتى يەتكۈزۈش، ھەم ئەسلى ئەسەردە قانداق دېيىلگەنلىكىگە دىققەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ تەرجىمە ساھەسىدىكىلەرى تەشەببۇس قىلغان "سادىق بولۇش، راۋان بولۇش"، "توغرا بولۇش، چۈشىنىشلىك بولۇش"، "تەرجىمە تىلىنىڭ شەكلى بىلەن ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ دىيالېكتىك بىرلىكى" دېگەنگە ئوخشىغان تەرجىمە ئۆلچەملىرى ئىككى جەھەتتە — مەزمۇن بىلەن تىلغا قارىتىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېزىق تەرجىمىسىدە ئىدىيە بىلەن تىلغا تەڭ ئېتىبار بېرىش لازىم، كونكرېت ئۇسۇل مۇنداق بولۇش كېرەك:

(1) مۇھىم نۇقتىنى ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىگە قويۇش لازىم، چۈنكى، ئىدىيە-ئەسلى ئەسەرنىڭ جېنى، ئەسەرنىڭ قىممىتىمۇ شۇ يەردە. شۇڭا، تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئېنىق ۋە توغرا ئىپادىلەپ بېرىش، ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى خاتا چۈشىنىپ قالماسلىق، بۇرمىلىماسلىق ۋە ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك لازىم. بەزىلەر، تەرجىمە دېگەن "تەكرار ئىجادىيەت" تۇرسا، ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى نېمە ئۈچۈن ئىجات قىلغىلى بولمايدىكەن دېيىشى مۇمكىن. بۇ، تەرجىمىنىڭ خاراكتېرىنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىق بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىدىيىنى يەتكۈزۈپ بېرىش مەسىلىسىدە، تەرجىمە دېگەن، بەرىبىر، تەرجىمە، ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى ئۆزپېتى چىقىش كېرەك، بۇنىڭدا ھەرگىزمۇ ئىجادىيەت مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. تەرجىمىدىكى ئىجادىيەت تىلنى ئىپادىلەش جەھەتتە كۆرۈلىدۇ، يەنى تىل شەكلىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى سادىقلىق بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىدىيە مەسىلىسى تىل مەسىلىسى ئەمەس.

بىر پارچە ماقالىنى ئوقۇشلۇق ئوقۇپ چىققىنىمىز، پەقەت ئۇنىڭ يۈزەكى ھادىسىلىرىنىلا بىلەلەيمىز، ئۇنىڭ روھى ماھىيىتىنى ئىگەللىۋېلىشىمىز ناتايىن، بەزىدە ھەتتا ئەسلى ئەسەرنىڭ خەت يۈزىدىكى مەنىلىرى بىلەن قايمۇقۇپ قېلىپ، غەرىبچىسى دەپ غولاچتىن قىرۇق قىلىشىمىز مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىشنى تىل ھادىسىلىرىغا قول سېلىشتىن باشلاپ، تىل ھادىسىلىرى ئارقىلىق، تىلدا ئىپادىلەنگەن ئوبيېكتىپ شەيئى ياكى ھادىسىلەرنى ئېنىقلىۋالغاندىن باشقا، ئىشنى يەنە لوگىكىلىق تەھلىلدىن باشلاپ، ئەسلى ئەسەرنىڭ لوگىكىلىق قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلىش، يەنى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتى ھەم مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئىگەللەش لازىم.

ئىككىنچى، تىل تەرجىمىسىگىمۇ ئېتىبار بېرىش لازىم. تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئەينەن تونۇشتۇرۇشتىن باشقا، ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ۋەزىپىسىمۇ بار، بىز تىل ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئەسلى ئەسەردىكى تىل ماھارىتىنى ئىمكان قەدەر ساقلاپ قېلىشىمىز لازىم. ساقلاپ قېلىش، ئەلۋەتتە، شەكىلچىلىك بىلەن كۆچۈرۈپ ئىشلىتىش دېگەنلىك ئەمەس، ئۆز مىللىتى خەلقىنى باشقىلارنىڭ تىلىنى سۆزلەشكە، ياكى باشقا مىللەت خەلقىنى ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى سۆزلەشكە مەجبۇرلاشمۇ ئەمەس، بەلكى تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش، مىللىيلەشتۈرۈش شەرتى ئاستىدا، ئىجات قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇسۇل جەھەتتە، ھازىر خەلقارادا ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئەينەن تەرجىمە ۋە مەنا تەرجىمىسى ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشىمىز لازىم.

ئەينەن تەرجىمە. ئەگەر ئىككى تىلدا بىر-بىرىگە ماس كېلىدىغان سۆز، جۈملىلەر بولسا، ماس كېلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلار بولسا، ئىمكان قەدەر ئەينەن تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە تىل شەكلىنى بىرلا ۋاقىتتا تەرجىمە تىلغا ئۆزلەشمىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. بۇ، بىر قەدەر ئاددى، داۋاملىق ئۇچرايدىغان تەرجىمە ئۇسۇلى. شۇنداقلا تەرجىمە تىلنى بېيىتىشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى.

مەنا تەرجىمىسى. ئەگەر ئىككى تىلنىڭ پەرقى چوڭراق بولىدىغان بولسا، تەرجىمە تىلدا ئەسلى ئەسەردىكى بەزى تىل شەكىللىرى بولمىسا، ياكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ئەنئەنىسى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن شۇ بويىچە كۆچۈرۈپ قويۇلسا، شۇ مىللەت تىلىنىڭ ئادىتىگە توغرا كەلمەيدىغان، ئوخشاش تەسىر قوزغىيالمايدىغان، ئوخشاش ئۈنۈم بېرەلمەيدىغان بولسا، مەنا تەرجىمىسى ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئوخشىمىغان تىل شەكلى ئارقىلىق تەرجىمە تىلىغا كىرگۈزۈش لازىم. بۇ ئۇسۇل بىر قەدەر مۇرەككەپ، قىيىنراق ئۇسۇل. شۇن-

داقلا تەرجىمىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم ھالقا.

ئەينەن تەرجىمە تەرجىمىنىڭ تېخنىكىلىق خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدۇ، تەرجىمان ئىككى تىلدىكى سۆز بىلەن سۆز، سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن سۆز بىرىكمىلىرى، جۈملە بىلەن جۈملىلەرنىڭ ئۆز ئارا ماسلىق مۇناسىۋىتىنى پىششىق بىلىدىغانلا بولسا، تەرجىمىدە ماھىرلىق كۆرسىتىپ، ئۇنى ئېنىق چىقىرالايدۇ.

مەنا تەرجىمىسى تەرجىمىنىڭ ئىجادىلىق خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدۇ. تەرجىمان ئۆزى ئۆتكۈر، تىلنى ئوبدان ئىگەللىگەن، بىلىمى كەڭ، تەجرىبىسى كۆپ بولسىلا، ئەسلى ئەسەرنىڭ تىل شەكلىنىڭ توساقلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئەسلى مەنانى كەڭتكۈزۈپ قويماسلىق شەرتى ئاستىدا، ناھايىتى چىرايلىق جۈملىلەرنى يارىتالايدۇ.

ئەينەن تەرجىمە بىلەن مەنا تەرجىمىسى — ئەڭ ئاساسلىق ئىككى خىل تەرجىمە ئۇسۇلى. بۇ ئىككى ئۇسۇل تەرجىمىدە كىرىشتۈرۈپ قوللىنىلىدۇ، ئۆز ئارا بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىراق، قوللانغاندا، مۇۋاپىق قوللىنىش كېرەك. ئەينەن تەرجىمە ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە، شەكىلچىلىك كېلىپ چىقىدۇ، تەرجىماننى شەكىلگىلا بېرىلىپ، مەزمۇن بىلەن كارى بولمايدىغان قىلىپ قويىدۇ-دە، تەرجىمان ئەسلى ئەسەر تىلىنىڭ شەكلى بىلەن چەكلىنىپ قىلىپ، ئۇلۇك تەرجىمە قىلىش يولىغا كىرىپ قالىدۇ. مەنا تەرجىمىسى چەكتىن ئېشىپ كەتسە، لىبىرالىستلىق[1] كېلىپ چىقىدۇ، تەرجىمان ئەسلى ئەسەرنىڭ تىل شەكلى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۆزى بىلگەنچە قالايمىقان تەرجىمە قىلىش يولىغا كىرىپ قالىدۇ.

ھەر بىر تىلنىڭ ئۆز ئالدىغا گىرامماتىكا قانۇنى ۋە ئىستىلىستىكا ئادىتى بولىدۇ. خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئوخشاشلا گۈزەللىك، بايلىق، ئىخچاملىق ۋە ئېنىقلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. تەرجىمىدە مۇشۇ خۇسۇسىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، تەرجىمىنى ھەم شۇ مىللەتنىڭ گىرامماتىكا قانۇنىغا ۋە ئىستىلىستىكا ئادىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، ھەم ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى سادىقلىق ۋە ئىشەنچلىك ئىپادىلەپ بېرىش لازىم.

---

(بېشى 114 ـ بەتتە)

3. "سەپراس" سەپ تۈزەشتە كۆپ قوللىنىدىغان ئاتالغۇ، بۇ كوماندا بىرىشتە قوللىنىلىدۇ. "سەپراس — سەپنى رۇسلاپ تۇر" دىگەن مەنىنى بىرىدىغان بۇيرۇق پېئىل. شۇڭا 集合 نى "سەپراس" دەپ تەرجىمە قىلغان ياخشى.

# تەرجىمە پرىنسىپلىرى ھەققىدە

غىلاجىدىن ئوسمان

## 1

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، تەرجىمە - تىلنى ئاساس قىلىدىغان ئىلمىي خىزمەت. تىل بولسا، ئالاقىلىشىش قورالى. كۆپ تىللىق ۋە كۆپ يېزىقلىق دۇنيا شارائىتىدا ۋە دۆلىتىمىزدە، ئۆز ئارا ئارىلىشىپ، ئۆز ئارا چۈشىنىش ھەر خىل تىل بىلەن سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىردەك قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر مۇناسىۋەت ۋاستىسىنىڭ كۆۋرۈكى بولغان تەرجىمە ئارقىلىق ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىشىدۇ، چۈشىنىشىدۇ.

تەرجىمە خىزمىتى دۇنيادا ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى دۇنيادىكى بارلىق مىللەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسات، مەدەنىيەت جەھەتلىرىدىكى مۇۋاپپىقىيەتلىرى بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ مۇۋاپپىقىيەتلەر بىر مىللەتنىڭ تىلىنى ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ تىلىغا ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان تەرجىمە قورالى بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمە - ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئىلگىرى باستۇرىدىغان مۇھىم قوراللاردىن بىرى. كۆپ مىللەتلىك ۋە كۆپ تىللىق بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە تەرجىمە خىزمىتى تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تەرجىمە خىزمىتى ئېلىمىزدە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىۋىي قىسمى. تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە يولداش ماۋزېدۇڭ: "تەرجىمە بولمىسا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىمۇ بولمىغان بولاتتى. يولداشلار، ئەگەر چەتئەل ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنمىغان بولسا، جۇڭگو ماركسىزىم - لېنىنىزىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەتتىمۇ؟" دېگەن ئىدى. دۆلىتىمىزدە تەرجىمە خىزمىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماركسىزىم - لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللىنىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەت، قارارلىرىنى چۈشىنىشىگە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا ئۆز تەلەپ تىلەكلىرىنى ئىنكاس قىلىشىغا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ؛ پەن - تېخنىكا ۋە ئەدەبىيات جەھەتلىرىدىكى مۇۋاپپىقىيەتلىرىنى ئۆز ئارا تونۇشتۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ، شۇنداق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەر تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن زور رول ئوينايدۇ.

تەرجىمىنىڭ خاراكتېرى تەرجىمىنىڭ بىر خىل ئىجادىي خىزمەت ئىكەنلىكىنى

كۆرسىتىدۇ. تەرجىمە ـ بىر تىلدا ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىككىنچى بىر تىلدا قايتا ئىپادىلەپ بېرىدىغان تىل پائالىيىتى. ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان بارلىق تىل پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى تولۇق ساقلانغان بولىدۇ. شۇڭا، تەرجىمە ئاددى تىل پائالىيىتىلا ئەمەس، بەلكى ئىجادى خىزمەت. تىل شۇ تىلنى ياراتقۇچى ۋە قوللانغۇچى خەلقنىڭ تەرەققىيات تارىخى، جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى، ئۆرپ ـ ئادىتى بىلەن زىچ باغلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى قانونىيەتلىرى بويىچە تەرەققى قىلىدۇ. ھەرخىل تىلنىڭ ھەرخىل گىرامماتىكىلىق ۋە ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بولىدۇ. شۇڭا بىر تىلنى ئىككىنچى بىرخىل تىلغا تەرجىمە قىلغاندا تەرجىمە تىلىنىڭ قائىدىسى ۋە ئىشلىتىلىشىغا ئاساسەن، تەرجىمە قىلىنىدىغان ئەسلى نۇسخىنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك شۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، تەرجىمە خىزمىتى ئاددى ئىشخانىچىلىق خىزمەت ئەمەس، بەلكى جاپالىق ئەمگەك قىلىشنى، ئىجات قىلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ ۋە نازۇك ئىجادى خىزمەت. "تەرجىمە خىزمىتى، ـ دەيدۇ گومورو، ـ جاپالىق خىزمەت ... تەرجىمە بىرخىل ئىجادى خىزمەت، ياخشى تەرجىمە ئىجادىيەت بىلەن تەڭ بولىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئېشىپمۇ كېتىدۇ..."

تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئىجادى تەرىپى بولۇش بىلەن بىللە، تېخنىكىلىق تەرىپىمۇ بولىدۇ. تەرجىمىنىڭ ئىجادى تەرىپى تېخنىكىلىق ئاساستا قۇرۇلۇپ ئەسلى نۇسخىنىڭ ئىجادى تەرىپىدىن كېيىن تۇرىدۇ. شۇڭا، تەرجىمە "تەكرار ئىجادىيەت" دەپ ئاتىلىدۇ. تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئىجادى خارەكتېرى بىلەن تېخنىكىلىق خاراكتېرىنى توغرا چۈشىنىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنى توغرا چۈشەنگەندىلا، تەرجىمە خىزمىتىنى تىلسىماتقا ئايلاندۇرۇشتىن ۋە چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىشقا، تەرجىمە ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، تەرجىمىدە ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىشقا بولىدۇ.

2

تەرجىمە ئەمەلىيىتى بولمىسا، تەرجىمە نەزەرىيىسىمۇ بولمايدۇ. تەرجىمە نەزەرىيىسى تەرجىمە ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى خىلمۇ ـ خىل مەسىلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنى نەزەرىيىۋى ئاساسقا كۆتۈرۈپ، تەرجىمە ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان سېستىمىغا ئايلاندۇرىدۇ. تەرجىمە نەزەرىيىسى بويىچە ئېيتقاندا، ھەر مىللەتنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە شۇ پىكىرنى ئىپادىلەشتە قوللىنىدىغان تىلى ئوخشىمايدۇ، رىياللىقنى ئىپادىلەيدىغان تەپەككۇر قىلىش قائىدىلىرى ئوخشاش. شۇڭا بىرخىل تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن پىكىرنى ئىككىنچى بىرخىل تىل بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ، يەنى ھەر قانداق تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن ھەر قانداق پىكىرنى ھەر قانداق تىلغا تەرجىمە قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى، تىل پىكىرنى ئىپا-

دېلەپ بېرىش قورالى. دېمەك، تەرجىمان ئۆز كەسپىنىڭ ئەھلى بولۇش ئۈچۈن تەرجىمە نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىشى، ئومۇمى تىل بىلىمىدىن خەۋەردار بولۇشى لازىم. بۇنداق قىلىش ئىككى تىلنىڭ سېلىشتۇرما قانۇنىيەتىنى بىلىشتە، تەرجىمىنىڭ ئەمەلىيىتىنى، تەرجىمە ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. تەرجىمە نەزەرىيەسى تەرجىمە پرىنسىپىنى تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە بويسۇنۇشقا تېگىشلىك قائىدە، تەرجىمە نۇسخىسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم، تەرجىمە خادىملىرى يېتىلىدىغان نىشان دەپ قارايدۇ.

ئۇلۇق ماركس، ئېنگېلس، لېنىنلار ھەرخىل تەرجىمە ئەمەلىيىتىگە قاتناشقان ۋە تەرجىمە ھەققىدە نەزەرىيەۋى كۆرسەتمىلەر بەرگەن. ئېلىمىزدە يەن فۇدىن تارتىپ لۇشۈنگىچە نۇرغۇن تەرجىمە ساھەسىدىكى پېشىۋالىرىمىز تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىن نۇرغۇن تەرجىمە نەزەرىيەسىنى يەكۈنلەپ چىققان. بوگۈن ئېلىمىزدە كۆپچىلىك ئېتىراپ قىلىدىغان "雅达信" (يەنى "دۇرۇس بولۇش، راۋان بولۇش، گۈزەل بولۇش") نى يەن فۇ ئوتتۇرىغا قويغان. گومورو بۇ ھەقتە: "يەن فۇنىڭ تەرجىمە خىزمىتىدە نۇرغۇنلىغان تۆھپىسى بار. ئۇ دۇرۇس بولۇش، راۋان بولۇش، گۈزەل بولۇش دېگەن ئۈچ شەرتنى تەشەببۇس قىلغان. مېنىڭچە، ئۇنىڭ بۇ تەشەببۇسى ئىنتايىن مۇھىم ۋە كامالەتكە يەتكەن" دېگەن ئىدى. بۇ يەردىكى «信» ئەسلى نۇسخىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنىپ، لوگىكىلىق خاتالىق كەتكۈزمەسلىك دېگەننى؛ «达» شەكىل جەھەتتىن ياخشى تەتقىق قىلىپ، تەرجىمە تىلىنىڭ گرامماتىكىسىنى ياخشى ئىشلىتىش دېگەننى؛ «雅» ئەسلى نۇسخىنىڭ ئۇسلۇبىنى تەرجىمىدە ئىستىلىستىكا ئارقىلىق ياخشى چىقىرىپ، ئۇسلۇبىنى ساقلاش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئەسلى نۇسخىنىڭ مەزمۇنىغا لوگىكا ئارقىلىق، شەكلىگە گرامماتىكا ئارقىلىق، ئۇسلۇبىغا ئىستىلىستىكا ئارقىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ تەرجىمە قىلىش دېمەكتۇر.

تەرجىمە قائىدىسى ئەسلى نۇسخا ئامىللىرى ۋە تەرجىمە نۇسخىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئەسلى نۇسخا دېگىنىمىز — ئۆزىگە خاس مەزمۇن، شەكىل ۋە ئۇسلۇبنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن گەۋدە. تەرجىمە نۇسخىسى دېگىنىمىز ئەسلى نۇسخىدىكى مەزمۇن، شەكىل ۋە ئۇسلۇبنىڭ لوگىكا، گرامماتىكا، ئىستىلىستىكا ئارقىلىق تەرجىمە تىلىغا ئايلىنىشىدۇر.

تەرجىمە نەزەرىيەسىدە، مەزمۇن بىلەن شەكىل بىرلىكىنى ساددىلىق ۋە ئاممىباپلىق بىرلىكى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ. ئاممىباپلىق ھەققىدە يەن فۇ: "راۋان بولۇپ، دۇرۇس بولمىغاندىن، دۇرۇس بولۇپ، راۋان بولمىغان ئەۋزەل" دەيدۇ. ئەندى لۇشۈن بۇ پىكىرنى تەرەققى قىلدۇرۇپ: "دۇرۇس بولۇپ، راۋان بولمىغان تەرجىمىنى، ئەڭ يامىنى ئوقۇغاندا چۈشەنمەيسەن، بىراق پىكىر يۈرگۈزۈپ، ياخشى ئويلانساڭ چۈشىنىشىمۇ

مۇمكىن. ئەندى راۋان بولۇپ، دورۇس بولمىغان تەرجىمىنى ئوقۇساڭ ئازغىنىپ كېتەسەن، قانداق پىكىر يۈرگۈزسەڭمۇ چۈشەنمەيسەن" دەيدۇ.

بىز بۇ يەردە سادىقلىق ئاممىباپلىقنى قارىغاندا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ دېمەكچى ئەمەسمىز، ھەم سادىقلىققا، ھەم ئاممىباپلىققا يەتكەن ئېلمىي تەرجىمە ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك دېمەكچىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاممىباپ بولۇشنى سادىقلىقنىڭ شەرتى قىلىش، سادىقلىقنى ئاممىباپ بولۇشنىڭ مۇستەھكەم ئاساسى قىلىش لازىم. سادىقلىق دېگىنىمىز ئەسلى نۇسخە تىلىنى لوگىكا جەھەتتىن چوڭقۇر چۈشىنىش، ئاممىباپ بولۇش دېگىنىمىز تەرجىمە تىلىنىڭ ئىپادىلەش شەكلى بولغان گىراماتىكىسىنى جانلىق قوللىنىش دېگەنلىكتۇر.

تەرجىمە — تىل خىزمىتى. ئۇ تەرجىماندىن يۇقىرى تىل سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇشنى، يەنى تەرجىمە تىلىغا پىششىق، ئەسلى نۇسخە تىلىغا ئۇستا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەسلى نۇسخە تىلىغا ئۇستا بولغاندىلا، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق ئۇقۇشقا بولىدۇ. تەرجىمە تىلىغا پىششىق بولغاندىلا، دەلمۇ-دەل ئىپادىلەشكە بولىدۇ. ئەسلى نۇسخىنى چوڭقۇر چۈشەنگەندىلا، ئەسلى نۇسخىنىڭ مەزمۇنىنى ساقلاپ، ئۇنى تەرجىمە تىلىنىڭ گىراماتىكىسى بىلەن توغرا ئىپادىلەپ، ئوقۇملۇق قىلىپ چىقىرىشقا بولىدۇ. بەزىلەر تەرجىمىدە ئاممىباپ بولۇش دېگەننى ئەركىن تەرجىمىنىڭ قاتارىغا قويىدۇ. بىزنىڭچە، ئەركىن تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس ۋە ھاجەتسىز. لۇشۈن: "راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنى تەرجىمە دەپ ھېسابلاشقا بولمايدۇ. تەرجىمىدە ئىككى تەرەپكە بىردەك ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بىر تەرەپتىن، ئوقۇشلۇق بولۇشقا كۈچ چىقىرىش كېرەك، يەنە بىر تەرەپتىن ئەسلى نۇسخىنىڭ شەكلىنى ساقلاش كېرەك" دەيدۇ. تەرجىمە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار پەن-تېخنىكىسىنى، مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرىدۇ؛ شۇ ئارقىلىق تەرجىمە تىلىنى بوروتۇشقا قارىغاندا كۈچلۈك قۇرۇلمىغا، مول لۇغەت فوندىغا ۋە جانلىق ئىپادىلەش پورمىسىغا ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا، تەرجىمىدە ئەركىن كېتىپ، باشقا مىللەتنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلماسلىقمۇ توغرا ئەمەس. بەلگىلىك چەكلىمىدە يېڭى تېرمىنلارنى ۋە جۈملە شەكىللىرىنى قوبۇل قىلىش زۆرۈر ۋە پايدىلىق.

تەرجىمىنى پۈتۈنلەي تەرجىمە تىلىغا بويسۇندۇرۇۋېتىشمۇ، ئەسلى نۇسخىغا يېقىنلاشتۇرۇۋېتىشمۇ توغرا ئەمەس. مۇتلەق بويسۇندۇرۇپ تەرجىمە قىلىنسا، ئوقۇملۇق بولغىنى بىلەن سادىق بولمايدۇ؛ مۇتلەق ئەسلى نۇسخىلىنىپ كەتسە، سادىق بولغىنى بىلەن ئوقۇملۇق بولمايدۇ. ھەقىقىي دەلمۇ-دەللىككە يېتىش ئۈچۈن، مۇشۇ ئىككى تەرەپكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، ئېلمىي يول بىلەن تەرجىمە قىلىش لازىم. بىزنىڭ بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتىمىز ئېلمىي، ئاممىۋى، مىللىي خاراك-

تىرگە ئىگە. ئۇنداق بولسا، بىز تەرجىمىمىزدە ئىلمىيلىكتە، ئاممىباپلىقتا، مىللىي خاراكتېرگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم، ئىلمىيلىك دېگەندە ساددىلىققا يېتىشكە، ئاممىباپلىق دېگەندە ئوقۇشلۇقلۇققا يېتىشكە، مىللىي خاراكتېر دېگەندە ئەسلى نۇسخىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى تولۇق يەتكۈزۈشكە كۈچ چىقىرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

دېمەك ساددىلىق بىلەن ئاممىباپلىق تەرجىمىنىڭ ئاساسىي قائىدىسى ئىكەن، ئۇنداق بولسا قانداق قىلغاندا بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا بولىدۇ؟

بۇنىڭ ئۈچۈن سۆزمۇ - سۆز تەرجىمە قىلىشتىن، ئەركىن تەرجىمە قىلىشتىن، تولۇق تەرجىمە قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. سۆزمۇ - سۆز تەرجىمە دېگىنىمىز - تەرجىمە تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا ئەھمىيەت بەرمەي، قاتماللاشتۇرۇپ، ئۇقۇمسىز تەرجىمە قىلىش؛ ئەركىن تەرجىمە دېگىنىمىز، مەزمۇننى بۇرمىلاپ ياكى چۈشەنمەي، ئېپقېچىپ تەرجىمە قىلىش؛ تولۇق تەرجىمە دېگىنىمىز، ئەسلى نۇسخىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلىماي ئۇرۇپ - سوقۇپ تەرجىمە قىلىش. قىسقارتىپ ئېيتقاندا:

سۆزمۇ - سۆز تەرجىمە گىراماتىكىنى بۇزىدۇ.

ئەركىن تەرجىمە لوگىكىنى بۇزىدۇ.

تولۇق تەرجىمە ئىستىلىستىكىنى بۇزىدۇ.

ماركس ئەسەرلىرىنى نېمىس تىلىدىن ئېنگىلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىش ھەققىدە، ئېنگېلس: "ماركس زامانىمىزدىكى ئەڭ ئەخچام، ئەڭ كۈچلۈك ئۇسلۇپقا ئىگە يازغۇچىلاردىن بىرى. بۇ ئۇسلۇپنى تولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن، نېمىس تىلىغا پىششىق بولۇپلا قالماستىن، ئېنگىلىز تىلىغىمۇ پىششىق بولۇش لازىم" دېگەن ئىدى. ئەلۋەتتە، ئەسلى نۇسخا تىلىنى بىلىش - تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق شەرتى. لېكىن تەرجىمە تىلىنى بىلىشنىمۇ بۇنىڭدىن بولۇپ قارىغىلى بولمايدۇ. تەرجىمان تەرجىمە ھاجىتى ئۈچۈن ئەسلى نۇسخىنىڭ تىلىنى داۋاملىق ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ بارىدۇ. بۇنىڭغا تەرجىمىنىڭ ئۆزىمۇ مەجبۇرلايدۇ. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەرجىمان ئۆز تىلىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىپ، سۆز بايلىقىنى ئاشۇرۇشقا، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى كۆپەيتىشكە سەل قارىسىمۇ بولمايدۇ. ئۇنداق بولغاندا، ۋاقىت ئۆتۈشى بىلەن تەرجىمان بىر ئىزدىن چىقمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. سۆز بايلىقى ئازلاپ، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى كېمىيىپ كېتىدۇ. ئەسلى نۇسخىنى تولۇق چۈشىنىپ، ئۇنىڭ ئۇچىر - بۇچىرىنى ئۇققىنى بىلەن ئۆز تىلى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشتىن قىينىلىدۇ. ئەسلى نۇسخا تىلىدىكى ئىنتايىن ئەپلىك ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى كۆرگەندە، ئۆز تىلىدا مۇنداق ئۇسۇل يوقتەك، قانداق ئىپادىلەشنى بىلەلمەيدۇ. مانا بۇ ئۆز تىلىنىڭ ئاساسىي ئاجىزلىقىنى، سۆز بايلىقىنىڭ كەم، گىراماتىكىلىق ۋە ئىس-

تىلىستىكىلىق ئاساسىنىڭ ناچار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەرجىمان ئەسلى نۇسخا تىلىنى ئۆگىنىپلا قالماستىن، تەرجىمە نۇسخا تىلىنىمۇ داۋاملىق ئۆگىنىپ بېرىشى، بۇ ئىككى تىلنى گىراممatikا، لوگىكا ۋە ئىستىلىستىكا جەھەتلەردىن سېلىشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىقلارنى، پەرق ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى تېپىشقا تىرىشىشى لازىم.

دېمەك، بۇنىڭدىن تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئىككى تىلنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىي خىزمەت، تىل شۇناسلىقنىڭ بىر ساھاسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، تەرجىمان تىلشۇناسلىقتىن خەۋەردار بولۇشى، بىر تىلنى بىر تىلغا تەرجىمە قىلىش بىلانلا چەكلەنمەي، ئىككىنچى بىر خىل تىلنىمۇ بىلىشى، شۇ ئارقىلىق تەرجىمىنىڭ ئىلمىيلىكىنى داۋاملىق ئۇستۇرۇشى لازىم.

3

ھازىر تىلشۇناسلىقتا دۇنيادىكى تىللارنى تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتىگە قاراپ بىر مۇنچە سىستېمىغا، گىرامماتىكىلىق تۈزۈلۈشىگە قاراپ بىر مۇنچە تۈرگە بۆلىدۇ. بىز تەرجىمە ئارقىلىق شۇغۇللىنىۋاتقان خەنزۇ تىلى تۇققانچىلىق جەھەتتىن خەنزۇ - زاڭزۇ تىلى سىستېمىسىغا، گىرامماتىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىن يىلتىزلىق تىلغا كىرىدۇ. ئەندى، ئۇيغۇر - قازاق - مۇڭغۇل تىللىرى تۇققانچىلىق جەھەتتىن ئالتاي تىلى سىستېمىسىغا، گىرامماتىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىن يېپىشقاق تىلغا كىرىدۇ. دېمەك، بۇ - بىزنىڭ تەرجىمە قىلىدىغان تىللىرىمىز ئىككى خىل سىستېمىغا، ئىككى خىل قۇرۇلمىغا ئىگە تىل دېگەنلىك. بىز تەرجىمىدە بۇنىڭ بىلەن چەكلەنمەي، ئۈچىنچى بىر خىل سىستېمىغا، ئۈچىنچى بىر خىل قۇرۇلمىغا ئىگە بىر تىلدىن خەۋەر تېپىشىمىز لازىم. مەسىلەن، ئېنگلىز تىلىنى ئالساق، تۇققانچىلىق جەھەتتىن ھىندى - ياۋروپا تىلىغا، قۇرۇلما جەھەتتىن قۇمۇرۇلما تىلىغا ياتىدۇ. بۇ تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، جۈملىدە سۆزلەرنىڭ ئورنىنىڭ ئالمىشىشى ئارقىلىق جۈملە مەنىسى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. يىلتىزلىق تىلدا سۆزلەر سۆز تەرتىۋى ۋە قوشۇمچىلار ئارقىلىق مەنا بېرىدۇ. يېپىشقاق تىللاردا بولسا، جۈملىلەر ھەر خىل قوشۇمچىلار ئارقىلىق تۈزىلىدۇ. ئادەتتە، يېپىشقاق تىللاردىكى بىر سۆز يىلتىزلىق ۋە قومۇرۇلما تىللاردىكى بىر سۆز تۈركۈمىگە ۋە بىرەر جۈملىگە تەڭ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇرچىدىكى ئۇلانمىلار ئارقىلىق ياسالغان "كۆرەيلىچۇ!" دېگەن سۆز

خەنزۇچىدا: 让我们看一看吧!

ئېنگلىزچىدا: "Let's hav alook"

بولۇپ چىقىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى "كۆرگەنلىرىڭىزدىن" دېگەن ئىبارە خەنزۇ تىلىدا:

"从您所见到的那些事情中"

بولۇپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى "كىردىڭ" دېگەن سۆز خەنزۇ تىلىدا:

"请您进来"

ئېنگلىز تىلىدا "Com in please" بولۇپ چىقىدۇ. دېمەك، تىللاردىكى مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكنى بىلگەندىلا تەرجىمىنى ئەسلىي سەۋىيىگە يەتكۈزۈشكە بولىدۇ. ئېيتايلى، ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىنى تەتقىق قىلمىش ئارقىلىق تەرجىمىدىكى بەزى چۇۋالچاقلىقلاردىن خالى بولغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: "ئۇچراشماپسىلەر" دېگەن سۆزنى تەرجىمە قىلساق:

"据说你们曾经没有相见"

بولۇپ چىقىدۇ. تەھلىل قىلساق:

ئۇچرا — ش — ما — پ — سىز — لەر

相见—没有—曾经—你—们

بۇ گەپنى ئېيتقۇچى بۇ ئىشنى ئۆزى كۆرمىگەن: باشقىلاردىن ئاڭلىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، تەرجىمىدە "据说" دېگەن گەپ قوشۇلىدۇ. ئەگەر گىراماتىكىلىق تەھلىل قىلىشنى بىلمەيدىغان تەرجىمان بۇ سۆزنىڭ خەنزۇچىسىغا دۇچ كەلسە، ئۇنى: "ئاڭلىشىمىزچە (ياكى ئېيتىشلارغا قارىغاندا) سىلەر بۇرۇن ئۆز ئارا يولۇقماپسىلەر" دەپ تەرجىمە قىلىشى تۇرغانلا گەپ. شۇنداق قىلىپ بۇ بىر قوتان چۇۋالچاق گەپ بولۇپ چىقىدۇ.

يەنە بىر مىسال:

يەتتىنچىسىمەن

我是他们当中的第七个人

چۇۋالچاق تەرجىمىسى. مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يەتتىنچى ئادەممەن. تەھلىل قىلساق.

يەتتە — ئىنچى — سى — مەن

"七个—第—他的—我是"،

يۇقۇرقى ئاددى مىساللاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدىكى، تەرجىمىنىڭ ئىلمىي چىقماسلىقىدا مۇنۇ سەۋەپلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ: بىرىنچى، ئەسلى نۇسخە تىلىنىڭ قورۇلما جەھەتتىن تەرجىمە تىلىدىن يىراقلىقى، تەرجىماننىڭ بۇ ئىككى تىلنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلمىغانلىقى. ئىككىنچى، ئاپتوردا ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئۇسلۇبنىڭ بولۇشى — تەرجىماننىڭ ئۇ ئۇسلۇبتىن بىخەۋەر بولۇشى. ئۈچىنچى، مەنانىڭ چوڭقۇرلىقى، ئىپادىلىشىنىڭ تەسلىكى — تەرجىماننىڭ تەرجىمە تىلىغا (يەنى ئۆز تىلىغا) ناتونۇشلۇقى. دېمەك، بۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تەرجىمان تەرجىمە قائىدىسىگە بويسۇنۇپ، لوگىكا، گىراماتىكا، ئىستىلىستىكا جەھەتلەردىن تەتقىق قىلىپ، تەرجىمىدە ئىجاتچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئەسلى نۇسخىنى تولۇق چۈشىنىشى، تەرجىمە تىلىنى ياخشى ئىگىلىشى لازىم، ئەسلى نۇسخىدىكى سۆز بىلەن جۈملىنىڭ، جۈملە بىلەن جۈملە توپىنىڭ، جۈملە توپى بىلەن ئابزاسنىڭ، ئابزاس بىلەن ماقالىنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋىتىنى، يەنى پۈتۈن ئەسەردىكى كونتېكستلىق مۇناسىۋىتىنى بىر تۇتاش بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئەسلى نۇسخىنىڭ مەزمۇنىغا سادىق بولۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سۆز تاللاش، جۈملە تۈزۈش جەھەتلەردە، تەرجىمە تىلىنىڭ ئادىتىگە بويسۇنۇپ، ئەسلى نۇسخە شەكلىنى تەرجىمە نۇسخىسىغا زورلاپ تاڭماسلىق لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ئاممىباپ بولۇشىنىڭ ھۆددى-

-مىدىن چىقىملى بولىدۇ. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، تەرجىمە قائىدىسىغا بويسۇنۇپ، تەرجىمە ئۆلچىمىگە يېتىشكە، "يەنى سادىق بولۇش، ئاممىباپ بولۇش"نىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا تىرىشىشى لازىم.

4

سادىقلىق ۋە ئاممىباپلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، تەرجىمە قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈش ئۈچۈن، تەرجىمە جەريانىدا نۇرغۇن خىزمەت باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى، تەييارلىق باسقۇچى

بۇ باسقۇچتا ئەسلى نۇسخىنى باشتىن - ئاخىر ئوقۇپ، ئومۇمى مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇپ، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىش، كىتابنىڭ يېزىلغان دەۋرىنى، ئۇنىڭدىكى مۇھىتنى، تۇرمۇشنى بىلىش لازىم. ئاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم تەپسىلى ئوقۇپ چىقىپ، چۈشەنمىگەن سۆز ئىبارىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئەسلى نۇسخىدىكى گىرامماتىكىلىق پورمىلارنى ياخشى ئەستە تۇتۇپ، ياخشى سۆز ۋە ئوخشىتىشلارنى يېزىپ مېڭىش لازىم. شۇ ئارقىلىق تەرجىمە جەريانىغا پۇختا ئاساس ئورنىتىپ، ئىپادىلەش ۋاقتىدا باشقا ئىشلار بىلەن بەنت بولماسلىق ۋە زېھىننىڭ بۆلۈنۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش لازىم. ئاندىن تەرجىمە ئۇسۇلى ھەققىدە ئالدىن ئالا ئويلىنىپ تەرجىمە تېخنىكىسىنى بەلگىلىۋېلىش لازىم، ئېيتايلى، تەرجىمە قىلىنىدىغان نۇسخا رومان بولسا، يازغۇچىنىڭ بايان قىلىش ئۇسلۇبىغا، ئەسەرنىڭ ئىچىدىكى پېرسوناجلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ قانداق بېرىلگەنلىكىگە، ئۇلارنىڭ دىيالوگلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن تەرجىمىدىمۇ بەلگىلىك ئىجاتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشكە تىرىشىش لازىم. گوركى: "كىتابنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىش بىلەن ئاپتورنىڭ يېزىش تېخنىكىسىنى، پۈتۈن ئىجات قىلىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەپ كېتىش تەس، شۇڭا تەرجىمان ئەسەرنىڭ تارىخىنى، ئاپتورنىڭ ئىجات قىلىش ئالاھىدىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن قايتا - قايتا ئوقۇشى شەرت. شۇنداق قىلغاندىلا، كىتابنىڭ روھىنى رۇس تىلىنىڭ شەكلى ئارقىلىق قايتىدىن ئىجات قىلىپ چىقىشقا بولىدۇ" دەيدۇ.

ئىككىنچى، چۈشىنىش باسقۇچى.

بۇ، ئادەتتە تەييارلىق باسقۇچى ۋاقتىدا ئوتۇشكە باشلايدۇ. شۇنداقتىمۇ، مۇنۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ.

1) ئەسلى نۇسخىدىكى سۆزنىڭ كونتېكىستلىق مەناسى بىلەن جۈملىنىڭ لوگىكىلىق مەناسىغا دىققەت قىلىش لازىم. سۆزنىڭ لوغەت مەنىسى گىرامماتىكىلىق پورمىغا چۈشكەندە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. سۆزنىڭ كونكرېت مەناسىنى پەقەت كونتېكستتىلا بىلىشكە بولىدۇ. كونتېكستتىن ئايرىم تۇرغاندا، سۆزنىڭ مەناسىنى دەل بېكىتىپ ئېيتىش قىيىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، سۆزنىڭ

لوغەت مەنىسى ۋە كونتېكستتىكى مەنىسىگە تەرجىمىدە ئالاھىدە كۆڭۈل بولۇش لازىم. جۈملىنىڭ مەناسىغىمۇ پۈتۈن ئابزاستىن چەتنىگەن ھالدا ھوكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. جۈملىنىڭ تەنھا تۇرغاندىكى مەناسى گىراماتىكىلىق مەنا، تولۇق تېكستتە تۇرغاندىكى مەناسى لوگىكىلىق مەنا دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭلاشقا جۈملىنى يەككە-يىگانە تەھلىل قىلماي، پۈتۈن تېكست بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شۇنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى تېرىقىسىدە تەھلىل قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇنىڭ كونكرېت مەناسىغا يېتىشكە بولىدۇ.

2) ئەسلى نۇسخىنىڭ ئىستىلىستىكىسىنى ئوبدان ئىگەللەش لازىم. ئىستىلىستىكىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇنى كۆپ بولىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسەن، سۆزلەرنىڭ قانداق تاللاپ ئىشلىتىلگەنلىكىگە، جۈملىلەرنىڭ قانداق تۈزۈلگەنلىكىگە كۆڭۈل بولۇش لازىم. تەرجىمىدە ئىستىلىستىكا مەزمۇنغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم مەسىلە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئىستىلىستىكا قىسقىچە ئېيتقاندا، سۆز تاللاش، جۈملە خىللاش دېگەن سۆز. سۆز تاللاش دېگەندە، سۆزلەرنىڭ ئوبرازلىقلىقى، جەلپ قىلارلىق كۈچكە ئىگە بولۇشى، جۈملە خىللاش دېگەندە، بىر خىل پىكىرنى ھەر خىل جۈملە شەكىللىرى بىلەن ئىپادىلەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېمەك، ئاپتورنىڭ ئەسەردىكى ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىشنىڭ ئۆزى — ئەسەرنىڭ ئىستىلىنى ساقلاشقا، مەزمۇننى تولۇق يەتكۈزۈشكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىستىلىستىكىغا قاتتىق كۆڭۈل بولۇش لازىم.

3) ئەسلى نۇسخىنىڭ لوگىكىلىق مۇناسىۋىتىنى ئوبدان ئىگەللەش لازىم. تەرجىمان ئەسەرنى تىل جەھەتتىنلا تەتقىق قىلماستىن، لوگىكا جەھەتتىنمۇ تەتقىق قىلىشى لازىم. چۈنكى لوگىكىلىق تەھلىل ئارقىلىق گىراماتىكىلىق تەھلىل بىلەن ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا بولىدۇ. شۇڭا ئەسلى نۇسخىنى گىراماتىكىلىق شەكىل جەھەتتىنلا تەتقىق قىلماستىن، لوگىكىلىق مەزمۇن جەھەتتىنمۇ تەتقىق قىلىش لازىم. تەرجىمىدىكى دەلمۇ-دەللىك دېگىنىمىز — ئوقۇمغا، پەرەزگىنە ۋە ھوكۈمگە مۇناسىۋەتلىك لوگىكىلىق مەسىلە. لوگىكىلىق پەرەز خاتا بولسا ئۇنىڭدىن چىقىدىغان ھوكۈممۇ خاتا بولىدۇ، ئۇمۇمى مەنانى چۈشىنىش ئوقۇمىدىن سەۋەنلىك تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەسلى نۇسخىغا لوگىكىلىق جەھەتتىن تەھلىل يۈرگۈزگەندە، بىرىنچىدىن، تەرجىمان ئوقۇمىدىكى لوگىكىلىق خاتالىقنىڭ سادىر بولۇشىدىن ساقلىنىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئەسلى نۇسخىنىڭ لوگىكىلىق جەھەتتىن ئوقۇمىنىڭ خاتا-توغرىلىقىنى تەكشۈرۈپ، ئەسلى نۇسخىنىڭ خاتا بولۇشى تۈپەيلىدىن تەرجىمە ئارگىنالىنىڭ خاتا كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

ئۈچىنچى، تەرجىمىنىڭ يەنە بىر باسقۇچى — يەنى ئاخىرقى باسقۇچى — يەتكۈزۈش باسقۇچى. يەتكۈزۈشنىڭ قانداق بولۇشى ئەسلى نۇسخىنى چۈشىنىشكە، تەرجىمە

تىلىنىڭ قابىلىيەتلىك ئەگەللەنگەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك. يەتكۈزۈش جەريانىدا ئەسلى نۇسخىدىكى سوز ۋە جۈملىنىڭ، جۈملە ۋە ئابزاستىنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئايرىم - ئايرىم بىر تەرەپ قىلماستىن، بىر تۇتاش ھەل قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە سوز تاللاش، جۈملە تۈزۈش جەھەتتە تەرجىمە تىلىنىڭ سوزلەش ۋە يېزىق ئادىتىگە بويسۇنۇش، ئەسلى نۇسخىدىكى شەكىلنى تەرجىمە نۇسخىسىغا زورلاپ تاڭماسلىقتەك شەرتلەرنى ئورۇنداش لازىم.

توغرا يەتكۈزۈش مەسىلىسى ھەققىدە لۇشۇن: "تەرجىمىدە ئەسلى نۇسخىنىڭ ئاساسلىق مەناسىنى جۇڭگو كىتابخانىلىرىغا مۇتلەق توغرا يەتكۈزۈش لازىم. جۇڭگو كىتابخانىلىرى چۈشەنگەن ئوقۇم، ئىنگلىز، رۇس، ياپون، نېمىس، فىرانسۇز، كىتابخانىلىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىدىن ئالغان ئوقۇمى بىلەن ئوخشاش بولسۇن" دەيدۇ. دېمەك بۇ، يەتكۈزۈش باسقۇچىدا سادىقلىق، ئاممىباپلىق مەسىلىلىرىگە تواۇق. كۆڭۈل بولۇش كېرەك دېگەنلىك. ئەگەر تەرجىمان تەرجىمە ھەققىدىكى بىلىمى مول، تەرجىمە قابىلىيىتى كۈچلۈك، كەڭ ئاساسى بىلىمگە ئىگە بولسا، ئادەتتىكى ھوججەتلەردە بۇ ئۈچ شەرتنى بىر يولدىلا، يەنى بىر جەرياننىڭ ئىچىدىلا ئورۇندايدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بىر ئەسەرنى بىر يولدىلا باشتىن-ئاخىر تەرجىمە قىلىپ، ياراملىق ماتېرىيالغا ئايلاندۇرۇپ چىقالايدۇ. لېكىن، پەلسەپىۋى، ئەدەبىي، ئىلمىي ماقالىلارنى بىر يولدىلا قولدىن چىقىرىۋېتىش تەس. شۇڭا، يەتكۈزۈش باسقۇچىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قەدەمگە بۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ.

1) سادىقلىق ئاساسىدا، مەزمۇن جەھەتتىن ئەينەن يەنى سوزمۇ - سوز تەرجىمە قىلىش قەدىمى. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن بىر ئابزاست ياكى بىر تېما ئەسلى نۇسخىنىڭ مەناسى، شەكلى ساقلانغان ھالدا ئەينەن تەرجىمە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن سوز تاللاش جۈملە تۈزۈش ئەسلى نۇسخە ئاساسىدا بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل، بولۇپمۇ، شېئىر تەرجىمىسىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. شېئىرنىڭ مەناسىنى مىسرا - مىسرا بويىچە نەسرى ئەسەرگە ئايلاندۇرۇپ يېزىۋالىدۇ. بونىڭدا مەنانىڭ دەللىكى، مەزمۇننىڭ توغرىلىقى ئاساس قىلىنىدۇ.

2) ئاممىباپلىق ئاساسىدا، گىراممانىكىلىق جەھەتتىن قايتا ئىشلەش قەدىمى. بۇنىڭدا يۇقۇرىدا قىلىنغان ئەينەن تەرجىمە تەرجىمە تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ قايتىدىن تۈزۈپ چىقىلىدۇ. تەرجىمە تىلىدىكى ئەسلى نۇسخە تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان شەكىللەرنى قوللىنىپ، سوزلەرنى تاللاپ، دەسلەپكى قەدەمدىكى تەرجىمە سىلىقلاپ چىقىلىدۇ. بۇ قەدەمنىڭ دائىرىسى بىرەر جۈملە، بىرەر ئابزاست ياكى بىرەر تېما - بىرەر باپتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا بىرىنچى قەدەمدىكى بىر تەرەپ قىلىشتا تېگىشلىك پىكىردىن ئازغىنىپ قېلىپ، تۈزەتكەندە باشقىچە ئۆزگەرتىپ قويۇش مۇمكىن.

3) ئۇسلۇبنى ساقلاش ئاساسىدا ـ ئىستېمالىق جەھەتتىن قايتا ئىشلەپ، كۆركەم قىلىپ چىقىش قەدىمى. بۇ ئەڭ ئاخىرقى قەدەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ماقالە تەرجىمە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئىشلىنىدۇ. ئەگەر تەرجىمە، چوڭ ھەجىملىك رومان ياكى ئىلمىي ئەسەر بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ مەلۇم چوڭ بابلىرى ۋە قىسىملىرى بويىچە قايتا ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەڭ ئاخىرقى تۈزىتىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئاخىرقى تۈزىتىشتە تەرجىمىنى مەزمۇن، شەكىل، ئىستىل جەھەتتىن بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قاراپ، سۆزدىن جۈملىگىچە، جۈملىدىن جۈملە توپىغىچە، جۈملە توپىدىن ئابزاسقىچە، ئابزاستىن پۈتۈن ئەسەرنىڭ باشتىن-ئاخىرىغىچە زەڭ قويۇپ پۇختا ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، تەرجىمە جەريانى مۇشۇنداق ئۈچ باسقۇچ، سەككىز قەدەمدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ ـ ئومۇمىي قائىدە. لېكىن ھەممە تەرجىمىنى مۇشۇ پورمىلىغا چۈشۈرۈشكىمۇ بولمايدۇ. تەرجىمە ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە، خاراكتېرىگە ئاساسەن، بەزىدە بىر ياكى ئىككى باسقۇچنى، ئۈچ ياكى تۆت قەدەمنى باشتىن كەچۈرۈشى، ھەتتا بىر نەچچە باسقۇچ ۋە بىر نەچچە قەدەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بىر يولىلا ئاخىرلىشىشى مۇمكىن. بۇ يەردە بىز ئومۇمىي تەرجىمىنى تەتقىق قىلىش، تەرجىمە قانۇنىيىتىنى ئىگىلەشكە پايدىلىق بولۇش يۈزىسىدىن شۇنداق دەۋاتىمىز، خالاس.

## 5

تۆۋەندە تەرجىمىنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

تەرجىمە تەرجىمە قىلىنىش ئۇسۇلىغا ۋە تېما تۈرلىرىگە قاراپ ئىككى قىسىمغا بولۇنىدۇ. بۇ تەرجىمىنىڭ ئۇسۇلى قىسمى (方式部分)، ژانىرى قىسمى (文体部分) دەپ ئاتىلىدۇ. تەرجىمىنىڭ ئۇسۇلى قىسمى ئېغىزچە تەرجىمە ۋە يېزىقچە تەرجىمە دەپ ئىككىگە بولۇنىدۇ. تەرجىمىنىڭ ژانىرى قىسمى سىياسىي تەرجىمە، ئىلمىي تەرجىمە ۋە ئەدەبىي تەرجىمە دەپ ئۈچكە بولۇنىدۇ. تەرجىمىنىڭ تۈرلىرىگە نىسبەتەن قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ھەرخىل بولىدۇ. ئېغىزچە تەرجىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى — دەرھال تەرجىمە قىلىنىدىغانلىقى. ئۇنىڭدا تەرجىماننىڭ ئويلىنىش، ئىزدىنىش ۋاقتى بولمايدۇ. شۇڭا ئېغىزچە تەرجىمە تەرجىماندىن ئىككى خىل تىلدىمۇ يۇقىرى ئاڭلاش ۋە سۆزلەش قابىلىيىتى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھازىر بىزدە ئادەت بويىچە، ئېغىزچە تەرجىمە يىغىندىكى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئورۇنلىشىپ ئولتۇرۇش ئەھۋالىغا قاراپ چوڭ تەرجىمە، كىچىك تەرجىمە، ماشىنا تەرجىمىسى (قولاق ماشىنا تەرجىمىسى) دەپ ئۈچكە بولۇنىدۇ. ئىككى تىلدىكى ئاڭلىغۇچىلار بىللە ئولتۇرغان تەرجىمە چوڭ تەرجىمە دەپ، ئايرىم ئولتۇرغان تەرجىمە

كىچىك تەرجىمە دەپ، قولاق ماشىنىسى بىلەن قىلىنغان تەرجىمە ماشىنا (ياكى قولاق) تەرجىمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەيلى چوڭ تەرجىمىدە بولسۇن، مەيلى كىچىك تەرجىمىدە بولسۇن، تەرجىمان سۆزنىڭ مەزمۇنىنى توغرا يەتكۈزۈشى، سۆز چۈشەنچىلىرىنى كەلىمە — كەلىمەس قوشۇۋەرمەسلىكى، كۆپچىلىك ئالدىدا ئۆزىنى ياخشى تۇتۇشى، ئېغىر - بېسىق، سالماقلىق بولۇشى، سۆزلىگۈچىگە ھۆرمەت قىلىپ، سۆز - ھەركەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا بولۋالماسلىقى لازىم. قولاق (ماشىنا) تەرجىمىدە بولسا، تەرجىمان سۆزلىگۈچى بىلەن تەڭ مېڭىشى، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئېغىزچە تەرجىمىدە سۆزلىگۈچى قوللانغان شەخسنى (يەنى بىرىنچى شەخسنى) قوللىنىش، ئۈچىنچى شەخسنى قوللانماسلىق كېرەك.

ئېغىزچە تەرجىمىنى تەرجىمە قىلىش تەرتىۋىگە قاراپ ئارگىنالىق تەرجىمە، ئارگىنالسىز تەرجىمە دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئارگىنالىق تەرجىمە دېگىنىمىز- سۆزلىگۈچىنىڭ قولىدا سۆز ئارگىنالى بولغان، تەرجىماننىڭ قولىدا تەرجىمە ئارگىنالى بولغان ياكى ئەسلى نۇسخا ئارگىنالى بولغان تەرجىمە. مۇنداقتا تەرجىمىدە تەرجىمان تەرجىمە ئارگىنالىنى سۆزلىگۈچىنىڭ ئوقۇشىغا قاراپ ئوقۇپ بېرىدۇ، دىققەت قىلىدىغان بىر ئىش: سۆزلىگۈچى ئوقۇپ كېلىۋېتىپ، ئارگىنالدىن چىقىپ قىلغان ئىزاھلارنى ئۆز ۋاقتىدا يېزىۋېلىپ، تەرجىمە قىلغاندا ئۇنى قوشۇدىغان ئورنىغا كىرگۈزۈپ قويۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سۆزلىگۈچى ئوقۇپ كېلىۋېتىپ توختىغان يەرگە بەلگۈ سېلىپ، تەرجىمە نۇسخىسىمۇ شۇ يەرگىچە ئوقۇش لازىم، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئىككى تىلدىكى ئاڭلىغۇچىلار بىللە ئولتۇرغان چوڭ تەرجىمىدە بولسا، ئۇ ۋاقىتتا، سۆزلىگۈچىنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئارگىنالىغا ئالدىن - ئالا بەلگۈ قويۇپ، سۆزلىگۈچى بىلەن توختايدىغان يەرگە كېلىشىۋېلىش لازىم. سۆزلىگۈچىگە ماقالىنى باشتىن - ئاياق بىراقلا ئوقۇپ چىقماي بىر نەچچە ئابزاسقا بىر قېتىم توختاپ ئوقۇشقا تەكلىپ بېرىش لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا، بىر تىلدىكى ئاڭلىغۇچىلار ئاڭلاپ ئولتۇرغاندا، ئىككىنچى بىر تىلنىڭ ئاڭلىغۇچىلىرى زېرىكىپ، يىغىننىڭ تەرتىۋى بۇزۇلۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن سۆزلىگۈچى بىلەن تەرجىمان ئاز - ئازدىن نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشى لازىم.

ئەندى، ئەسلى نۇسخا ئارگىنالى بولۇپ، تەرجىمە ئارگىنالى بولمىغان شارائىتتا، تەرجىمان سۆزلىگۈچىنىڭ ئارگىنالى ئاساسىدا بىر مەزمۇنغا كېلىپ توختىغاندا، ئۇنىڭ ئارگىنالىنى ئېلىپ، ئۇنى تەرجىمە تىلى بىلەن ئوقۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا تەرجىمانغا قويۇلىدىغان تەلەپ: سۆزلىگۈچى ئەسلى نۇسخا ئارگىنالىنى ئوقۇۋاتقاندا شۇنىڭ قېشىدا پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاپ تۇرۇشى، ئۇنىڭغا تەرجىمە تىلىنىڭ سىستېمىسى بويىچە پىكىر يۈرگۈزمەي، ئەسلى

نۇسخە تىلىنىڭ سېستىمىسى بىلەن. پىكىر يۈرگۈزۈپ، ھەر بىر جۈملە، ھەر بىر سۆز، ھەر بىر ھەرىپكە قەدەر ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ تۇرۇشى لازىم. باشقىچە ئېيتقاندا سۆزلىگۈچىنىڭ ئارگىنالىنى ئىچىدە كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزى ئوقۇپ تۇرغاندەك بولۇشى لازىم. چۈشەنمىگەن يەرلىرىگە ئىز ئىچىدە بەلگۈقويۇپ، ئارگىنالنى قولىغا ئالغاندا، سۆزلىگۈچىدىن شۇ يەرلىرىنى ئېنىقلاپ سورىۋېلىپ، ئاندىن كېيىن تەرجىمىگە كىرىشىش لازىم. ئەگەر بۇنداق ئەھۋال كىچىك تەرجىمىدە ئۇچرىسا، كىچىك تەرجىمە مەيدانىغا بارغىچە، يەنە بىر قېتىم ئارگىنالنى كۆزدىن كەچۈرىۋېلىش لازىم. ئەگەر چوڭ تەرجىمىدە بولسا، ئۇۋاقىتتا دەرھال تەرجىمىگە كىرىشىپ تونۇمىغان خەت، چۈشەنمىگەن يەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئۈستىدە سۆزلىگۈچىدىن قايتىلاپ سورىۋېلىش لازىم. تونۇمىسىمۇ سوراشتىن نومۇس قىلىپ تەرجىمە قىلماي تاشلاپ كېتىشكە ياكى خاتا تەرجىمە قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. ئەندى قولاق تەرجىمىسىدە بولسا، قولىدىكى ئارگىنالغا قاراپ قوغلىشىپ تەرجىمە قىلىش كېرەك، سۆزلىگۈچىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ، بۇ خىزمەت تەرجىماندىن يېزىقتا پىششىق بولۇشنى، يۇقۇرى ئاڭلاش، سۆزلەش قابىلىيىتى بولۇشنى، يوق دېگەندە، ئەسلى نۇسخە تىلىدىكى بىر قانچە جۈملە شەكلىنى يات بىلىشنى، مېخانىكىلىق ئادەت كۈچىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەندى، ئەسلى نۇسخە ئارگىنالىمۇ: تەرجىمە ئارگىنالىمۇ بولغان تەرجىمە ئارگىنالسىز تەرجىمە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق تەرجىمە بىر قەدەر تېز ۋە جىددى مېڭىمە ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەرجىمان ئادەتتە، سۆزلىگۈچىنىڭ نېمە ئېيتىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تەرجىمان ئەگەر يېزىۋېلىشقا ۋاقتى بولسا، ئۇ ۋاقىتتا قولاق بىلەن قولغا تەڭ تايىنىشى كېرەك. ئەگەر يېزىۋېلىشقا ئىمكانىيەت بولمىسا، قولاق بىلەن كۆڭۈلگە پۈكۈۋېلىشقا ماھىر بولۇشى لازىم. چۈشەنمىگەن يەرلەر ئۇچرىسا، سورىۋېلىش، دەرھال سوراشقا شارائىت يار بەرمىسە تەرجىمە تۈگىگەندىن كېيىن سوراپ قوشۇمچە قىلىپ قويۇش لازىم. بۇخىل تەرجىمىدە، قولاق ماشىنىسىدا تەرجىمان سۆزلىگۈچىدىن بىرەر جۈملە كېيىن مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزى قولاقتىن كىرىپ، مېڭە ماشىنىسىغا چۈشۈپ، تەرجىمە تىلىغە ئايلىنىپ، ئېغىزدىن چىققانغا قەدەر بەلگىلىك ۋاقىت لازىم بولىدۇ. ئەگەر مۇنداق ئەھۋالدا چۈشەنمىگەن ئورۇنلار ئۇچرىسا، ئۇنى قارىسىغا ياكى يالغان تەرجىمە قىلماستىن تاشلاپ كېتىپ ياكى ئاڭلىغۇچىلارغا ئەسكەرتىپ قويۇپ كېيىن قوشۇمچە قىلىش لازىم.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئېغىزچە تەرجىمىنىڭ پىكىر قىلىش سېستىمىسى ئېنىق؛ سۆز جۈملىسى ئوچۇق، سۆز ئىشلىتىشى جەلپ قىلارلىق بولۇشى؛ تەرجىماننىڭ ئاغزى چاققان، پىكىر قىلىشى تېز بولۇشى لازىم.

يېزىقچە تەرجىمىنىڭ تەييارلىق ۋاقتى كۆپ، تەتقىق قىلىش ئىمكانىيەتلىرى تولۇق

بولغانلىقى ئۈچۈن، يېزىقچە تەرجىمىگە ئېغىزچە تەرجىمىگە قارىغاندا؛ گىراممATIكىلىق، لوگىكىلىق ۋە ئىستىلىستىكىلىق جەھەتلەردىن ئۆلچەملىك قاتتىق تەلەپلەر قويۇلىدۇ. يېزىقچە تەرجىمە تەرجىمە قىلىنىش ئۇسۇلىغا قاراپ، تەنھا تەرجىمە، بىرلەشمە تەرجىمە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

تەنھا تەرجىمىدە تەرجىمان تەنھا ئۆزى تەرجىمە قىلىدۇ. ئۆزى تەرجىمە قىلىپ ئۆزى يازسىمۇ، بىرسىگە ئېيتىپ بېرىپ يازدۇرسىمۇ بولىدۇ. لېكىن تەرجىمىنىڭ ئۈچ باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرمەي بولمايدۇ. تەنھا تەرجىمىدە يېزىشىپ بەرگۈچى كاتىپلىق رولىنى ئوينايدۇ، تەرجىماننىڭ ئېيتقانلىرىنىلا يېزىپ بېرىدۇ. ئەندى تەرجىمان ئومۇمىي مەناسىنى ئېيتىپ بېرىپ، كاتىپلىق قىلغۇچى سېستىمىغا چۈشۈرۈپ يازدۇرغان قەلەم ئىشى بولسا، ئۇ ۋاقىتتا بۇنى مۇستەقىل تەرجىمە ئەمەس، بىرلەشمە تەرجىمە دەپ ھېساپلاشقا توغرا كېلىدۇ.

يېزىقچە تەرجىمىدە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ تەرجىماننىڭ بىرلىشىپ تەرجىمە قىلىشىنى بىرلەشمە تەرجىمە دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق تەرجىمىنىڭ بىر خىلى - بىرسى ئېيتىپ، بىرسى يېزىش يەنى بىرسى مەناسىنى ئېيتىپ بېرىپ، بىرسى يېزىق جەھەتتىن رەتكە كەلتۈرۈش. بۇنداق ئەھۋال كۆپۈنچە، ئېيتىپ بەرگۈچى ئەسلى نۇسخا تىلىغا ئۇستا، لېكىن تەرجىمە تىلىغا ئاجىزراق؛ قەلەم تۇتقۇچى ئەسلى نۇسخا تىلىغا ئاجىزراق ياكى ئۇنىڭدىن خەۋەرسىز، لېكىن تەرجىمە تىلىغا ئۇستا ئەھۋالدا بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئىككىلا ئادەم تەرجىمىنىڭ ئۈچ باسقۇچىنى، ئىپادىلەشنىڭ (يەنى يەتكۈزۈشنىڭ) ئۈچ قەدىمىنى تەڭ باشتىن كەچۈرىدۇ.

بىرلەشمە تەرجىمىنىڭ يەنە بىر خىلى- بىرسى تەرجىمە قىلىپ، بىرسى ئۇنىڭدىن كېيىن سېلىشتۇرۇپ، ياكى ئىككىسىمۇ بولۇشۇپ مۇستەقىل تەرجىمە قىلىپ، ئارقىدىن بىرسىنىڭ تەرجىمىسىنى بىرسى سېلىشتۇرۇپ چىقىش. بۇنداقتا، تەرجىمە جەريانىنىڭ بارلىق باسقۇچلىرىنى ئىككىسى بىردەك باشتىن كەچۈرىدۇ. يەتكۈزۈشكە كەلگەندە، بىرىنچى ئادەم يەتكۈزۈشنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى ئۆتەيدۇ؛ يەنى مەزمۇنغا سادىق بولۇش ئاساسىدا تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ. ئىككىنچى ئادەم ئاممىباپلىق ئاساسىدا سېلىشتۇرۇپ تۈزەپ چىقىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بىرىنچى ئادەم ئەسلى نۇسخىنى تۇتۇپ، ئىككىنچى ئادەم تەرجىمە ئارگىنالىنى ئوقۇپ، ئىككىسى باشتىن ئاخىر سېلىشتۇرۇپ چىقىدۇ. بىرلەشمە تەرجىمە، ئاساسەن ئىككى خىل ماھىرلىقتىن بىر سۈپەتلىك تەرجىمە چىقىرىش ئۈچۈن بولىدۇ. مەسىلەن، پەن- تېخنىكا تەرجىمىسى بولسا، ئەسلى نۇسخا تىلىغا ئۇستا بىر كەسپىي خادىم قەلەم قۇۋۋىتى كۈچلۈك بىر شۇ بىلىم ئەھلى بىلەن بىرلىشىپ تەرجىمە قىلسا، بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلەشمە تەرجىمىسى قەلەم قۇۋۋىتى ئاجىز پەن- تېخنىكا خادىمىنىڭ تەنھا تەرجىمىسىگە قارىغاندا ھەم تېز، ھەم سۈپەتلىك چىقىشى مۇمكىن. ئەندى، ئەسلى نۇسخا تىلىنى بىلمەيدىغان ياكى چالا - پۇلا بىلىدىغان بىر شائىر ۋە ئەسلى نۇسخا تىلىغا ئۇستا بىر تەرجىمان بىلەن بىرلىشىپ قىلغان شېئىر

تەرجىمىسى ئەسلى نۇسخىلىرىنى چالا بىلى-
دىغان شائىرنىڭ تەرجىمىسىدىن ياكى
شېئىرىيەتتىن ئانچە خەۋىرى يوق ئاددىي
بىر تەرجىماننىڭ تەرجىمىسىدىن سادىقلىق
ۋە ئاممىباپلىق جەھەتتە ئاللىقانداق
ياخشى بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. شۇنىڭ
ئۈچۈن تەرجىمە قانۇنىيەتلىرى بويىچە قىلىن-
غان بىرلەشمە تەرجىمە تېزلىك، ۋە سۈپەتلىك
بولۇش جەھەتتىن تەنھا تەرجىمىگە نىسبە-
تەن تېخىمۇ ياخشى بولۇشى مۇمكىن.

تۆۋەندە، تەرجىمىنىڭ ژانىرى قىسمىغا توخ-
تىلايلى. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، تەرجىمە
ژانىرى قىسمى سىياسىي تەرجىمە، ئىلمىي
تەرجىمە، ئەدەبىي تەرجىمە، دەپ ئۈچكە بۆلۈن-
دۇ. سىياسىي ئەسەرلەردە (پارتىيە ھۆكۈمەت-
نىڭ ھۆججەتلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا كىرىدۇ) ئىج-
تىمائىي سىياسىي تۇرمۇشتىكى رېئال مەسى-
لىلەر بىۋاستە ھەم تېز ئىنكاس قىلىنىدۇ.
ئۇ ئاممىنى نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي- سىياسىي
پائالىيەتلەرگە قوزغاپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن، سىياسىي ماقالىنىڭ ئۆزىگە خاس
ئالاھىدىلىكى تەرغىباتچىلىق ۋە قوزغاش
خاراكتېرى بولۇشىدۇر. سىياسىي ئەسەر-
لەردە پىكىر قوزغاش يېتەكچى ئورۇندا،
كۆڭۈل ھېسسىياتىنى بېرىش قوشۇمچە ئورۇن-
دا تۇرىدۇ. لېكىن كۆڭۈل ھېسسىياتى ئار-
قىلىق پىكىر كۈچەيتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن،
جەڭگىۋارلىق خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ.
شۇڭا، سىياسىي ماقالىلاردىكى ئەڭ مۇھىم
ئالاھىدىلىك جەڭگىۋارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، سىياسىي ئەسەر تەرجىمانلىرى
يۇقىرى تىل سەۋىيىسىگە، نەزەرىيىۋى سەۋى-
يىگە ۋە ئەدەبىي، تارىخىي بىلىملەرگە ئىگە
بولۇشى لازىم. ئەسلى نۇسخىنىڭ سىياسىي
كۆز قارىشىنى، تەرغىباتچىلىق رولىنى،
جەڭگىۋارلىق خاراكتېرىنى تولۇق چىقىرىش
سىياسىي تەرجىمىنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى بو-
لۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، سىياسىي ئەسەر
تەرجىمانلىرى ئومۇمەن سىياسىي ئەسەر ئاپتور-
لىرىنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىشكە تىرىشىش لازىم.

ئىلمىي ئەسەر تەرجىمىسىدىكى ئەڭ ئاساسلىق
ئالاھىدىلىك - دەلمۇ-دەللىك. ئىلمىي ئەسەر-
لەردە رېئاللىقنى ئىپادىلەشتە ۋە قانۇنى-
يەتنى ئىسپاتلاشتا دەل ئېيتىش، سىستېمىلىق
بايان قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئىلمىي
ئەسەر سۆز قوللىنىشنىڭ دەللىكى جەھەت-
تىن سىياسىي ئەسەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ.
ئىلمىي ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى-
تېرمىن- ئاتالغۇلارنىڭ كەڭرى قوللىنىلى-
دىغانلىقى. مەخسۇس تېرمىن- ئىلمىي ئە-
سەرنىڭ ئاساسى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلمىي ئەسەر
تەرجىمىسىدە ھەممىدىن بۇرۇن مەخسۇس ئا-
تالغۇلارنى دەلمۇ-دەل، توغرا تەرجىمە قىلىش،
توغرا ئىشلىتىش، توغرا يەتكۈزۈش، باشتىن
ئاياق بىرلىكىنى ساقلاش لازىم.

ئەدەبىي تەرجىمە - تىل
سەنئىتى. ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ مۇھىم
ئالاھىدىلىكى — بەدىئىيلىك. بەدىئىي ئە-
سەرلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئوبراز ئارقى-
لىق ئىپادىلەپ كۆرسىتىدۇ. سىياسىي-ئىلمىي
ئەسەرلەردە شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتى لوگىكا
كۈچى بىلەن يەكۈن چىقىرىش ئارقىلىق
ئىسپاتلىنىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە تۇرمۇش
ئەمەلىيىتى سەنئەت كۈچى بىلەن ئوبراز

# تەرجىمە خىزمىتىگە دائىر بىرنەچچە مەسىلە

ئىبراھىم ئەخمىدى

تەرجىمىدىكى مۇرەككەپ ۋە چۇۋالچاق مەسىلىلەرنى ئەمەلىي ھەل قىلىشتا، يېتەكچى رول ئوينىيالايدىغان بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئورتاق چۈشەنچىگە كېلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندە ئۆزەمنىڭ شۇ ھەقتىكى بەزى پىكىرلىرىمنى مۇلاھىزىلىرىمنى مۇھاكىمىگە قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

## تەرجىمە ئىشىنى قانداق چۈشىنىش مەسىلىسى

تەرجىمىنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق ۋە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش تەرجىمىگە قاندا مۇناسىۋەتتە بولۇش بىلەن زىچ ئالاقىدار بولغان پرىنسىپال مەسىلە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

تەرجىمىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىدىن ئالغاندا، تەرجىمە تۈرلۈك مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي ئالاقە قورالى، تەرجىمىسىز ئىككىنچى بىر تىلدا سۆزلەشەلمەيدىغان، ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ تىلىنى ئاڭلىيالمايدىغان، ئىككىنچى بىر تىلدا ئوقۇشنى بىلمەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، تەرجىمە — تىل، قۇلاق، كۆز بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئەمدى تەرجىمىنىڭ ئەمەلىي رولى جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇنى مەرىپەتنىڭ سەركەردىسى دېيىش كېرەك. چۈنكى تەرجىمە خىزمىتى تارىختا ھەمىشە ئويغىتىش ھەركىتىنىڭ ياكى ئىدىيە ئازاتلىقى پائالىيەتلىرىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ كەلگەن. غەربىي گېرمانىيىدىكى

ياساش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. تىل جەھەتتىن ئالغاندا سىياسىي، ئىلمىي ئەسەرلەردە پاسسىپ ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇل قوللىنىلىپ، پىكىرنىڭ ئېنىق، ئوقۇملۇق، جانلىق، بىر خىل بولۇشى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە بولسا، ئاكتىپ ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇل قوللىنىلىپ، كونكرېت ئوبراز، ئېنىق تەسۋىر، جەلپ قىلارلىق سۆز بولۇشى ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشتا ئۇنىڭ تىلىنى ئەدەبىي تىل بىلەن، ئوبرازىنى ئوبراز بىلەن تەرجىمە قىلىش لازىم. ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى، مىللىي تۈسىنى، ژانىرى ۋە ئاپتورىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىستىلىنى ساقلاپ تەرجىمە قىلىپ، كىتابخانلارنى ئەسلى نۇسخا، كىتابخانلىرىدەك تەسىرلەندۈرۈشكە، بەدىئىي ھېسسىياتقا ئىگە قىلىشقا تىرىشىش لازىم. دېمەك، بۇنىڭ ئۈچۈن، تەرجىمان ئەسلى نۇسخىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي شەكلىنى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىنى تولۇق تەتقىق قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ ھوددىسىدىن چىققىلى بولىدۇ.

كامبورگى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى تۈركولوگ ئا. ۋ. كابايېۋ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن 1200 يىللار ئىلگىرىكى ئەدەبىياتى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بۇددا دىنىغا كىرىش ئۇيغۇرلارنى ئەدەبىياتتا بولۇپمۇ ئالاھىدە نەتىجىگە ئىگە قىلدى. ئەدەبىياتلارنىڭ تولىسى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ئۇستازى بولغان تىللار — سانسكرىت تىلى، توخار تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە سوغدى تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان. بۇنىڭدىن روشەنكى، تەرجىمە ئىشى مىللىتىمىزنىڭ قەدىمقى زامان تارىخىدىن تارتىپلا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. «تەرجىمە خەۋەرلىرى» نىڭ 1980 - يىللىق 1 - سانىدا مۇنداق بىر جۈملە بار: "تارىختا ئۆتكەن پېشىۋالىرىمىز جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خۇددى يونان ئەپسانىلىرىدىكى پرومېتوسقا ئوخشاش خەتەرلەردىن، قىيىنچىلىقلاردىن ۋە توسقۇنلۇقلاردىن قورقماي ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ چوغلىرىنى تەرجىمە ئارقىلىق ئۆز خەلقىمىزگە تەقدىم قىلغان ئىدى ..." (شۇ سانىنىڭ 1 - بېتىگە قاراڭ)

ماركس بىلەن ئېنگېلس تەرجىمە ئەھمىيىتى ئۇلۇغ ئىنقىلاۋى خىزمەت دەپ قارىغان. ماركسىزم بۇنىڭدىن 60 — 70 يىللار ئىلگىرى جۇڭگوغا تەرجىمە ئارقىلىق كىرگەن ئەمەسمىدى. يولداش ماۋزېدۇڭ 1945 - يىل، 31 - ماي كۈنى پارتىيە 7 - قۇرۇلتىيىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا تەرجىمە ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دېگەن: "تەرجىمان يولداشلارنى كەمسىتمەسلىك كېرەك، تەرجىمە بولمىسا كوممۇنىستىك پارتىيەمۇ بولمىغان بولاتتى. ئەگەر چەتئەلنىڭ نەرسىلىرى ئاز - تولا تەرجىمە قىلىنمىغان بولسا، جۇڭگو ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەتتىمۇ"؟ («تەرجىمە خەۋەرلىرى» نىڭ 80 - يىللىق 1 - سان 2 - بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل) سۆيۈملۈك جۇ زۇڭلى ئېيتىدۇ: "تەرجىمە خىزمىتى ئاسانچە ئاسان ئىش ئەمەس، ئۇنى ئاسان ئىش دەپ چاغلىماسلىق كېرەك. بىر نەچچە جۈملە سۆز قىلىش ئوڭاي، لېكىن ھەقىقىي مەنىنى دەل تەرجىمە قىلىش ئاسان ئەمەس..." لۇشۈن ئىجادىي ئەسەر يېزىش قىيىن، تەرجىمە قىلىشمۇ ئاسان ئەمەس، دەپ قارايتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "بىرەر ئىسىم ياكى پېئىل ئۈستىدە خۇددى مېڭىدە ساندۇقنى ئېچىش ئۈچۈن تەقەززالىق بىلەن ئاچقۇچ ئىزدىگەندەك، قاتتىق مېڭە ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بىراق ئاچقۇچ ئاسانلىقچە تېپىلىپ بەرمەيدۇ" گومورو ھەم شۇ پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ: "تەرجىمە ئىجادىي خىزمەت، ياخشى تەرجىمە ئىجادىي ئەسەرگە باراۋەر، ھەتتا ئىجادىي ئەسەردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ."

دەرھەقىقەت تەرجىمە — ئىلمىي ۋە ئىجادىي ئەمگەك، شۇنىڭدەك سەنئەت ئىشى. تەرجىمە پائالىيىتى تەبىئەت پەنلىرىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە، شۇنداقلا پەلسەپە ساھەسىگە ئومۇميۈزلۈك سىڭىپ كىرگەن خىزمەت. شۇڭا ئۇنىڭ پەن كاتېگورىيىسى ئىكەنلىكى ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ.

تەرجىمىنى ئىجادىي ئەمگەك دېدۇق،
بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بۇ يەردىكى
ئىجادىي ئەمگەك دېگىنىمىز: تەرجىمە ——
خۇددى لۇشۈن ئېيتقاندەك «ئەقىل يۈرگۈزدە-
دىغان، مېگە ئاپپاراتىنى جىددى ئىشقا
سالىدىغان خىزمەت دېگەنلىكتۇر. باشقىچە
قىلىپ ئېيتقاندا، بىر مىللەتنىڭ تىلىدا
يېزىلغان ئەسەرنى ئىككىنچى بىر مىللەت-
نىڭ تىل ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ
قايتىدىن ئىشلەپ چىقىش دېگەنلىكتۇر.
بۇ يەردە ئەينەنلىك ئاساسىي ئورۇن تۇ-
تىدۇ: تەرجىمىنىڭ مەنىسى توغرا بولسا،
سۆزلەرنى پايدىلىنىشى جايىدا بولسا،
تىلى راۋان، مەنتىقىسى كۈچلۈك، ئىپا-
دىلەش ئۇنۇمى يۇقۇرى ھەم جانلىق بولسا،
شۇ چاغدىلا ئاپتورنىڭ ئىدىيىسىنى توغرا
ۋە ئەينەن ئىپادىلەش مۇمكىن. تەرجىمىنى
مۇشۇ تەلەپلەر بويىچە ئورۇنلاش تەرجىمانغا
ئاسان توختارمۇ؟ مېنىڭچە ئاسان توختى-
مايدۇ. چۈنكى تەرجىمە سۆزلەرنى ئۇلۇك
ھالدا زومۇ-زو تىركەشتۈرۈپ قويىدىغان
مېخانىك پائالىيەت ئەمەس: ئۇ تېكىستنىڭ
ئاددى كوچۇرمىسى ئەمەس. شۇنىڭدەك تەر-
جىمان ئۇزىنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى بويىچە،
قانداق توغرا كەلسە شۇنداق ئىشلەيدىغان،
ھېچقانداق چەكلىمىلەرگە ئۇچرىمايدىغان
ئىشمۇ ئەمەس. تەرجىمىنى ئىجادىي ئەم-
گەك دەپ ئاتاشنىڭ مېنىڭچە مەنىسى دەل
شۇ يەردە. بىر-ئىككى مىسال كەلتۈرۈپ
ئۆتەيلى: "纲举目张" دېگەن ئىدىئو-
مانىڭ بىر دىكىمنى "ئۇتقا تۇتۇلسا ھەممە
ئىش يۈرۈشۈپ كېتىدۇ" دەپ تەرجىمە
قىلىش ئومۇملىشىپ قالدى. بۇنىڭ تەر-
كىۋىدىكى "纲" "目" نى تۆۋەندى-
كىدەك باشقىچە ئەھۋالدا قانداق ئىپادى-
لەش كېرەك؟

"他只知道一个词属于哪一个纲，但不知道属于那一目，更不知道属于哪一科。"（恩格思）

بۇ جۈملىدە 纲 بىلەن 目 نى
"钢举目张" نىڭ ئەندىزىسى بويىچە
ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ
مۇشۇ كونكرېت جۈملىدىكى مەنىسى، ئۇ-
لارنىڭ بىر بىرى بىلەن بولغان مەنتىقى
باغلىنىشىنى تەپەككۇر پائالىيىتى ئارقىلىق
ئايدىڭلاشتۇرۇپ، توغرا چۈشەنچە ھاسىل
قىلىش كېرەك. مېنىڭ يۇقۇرقى خەنزۇچە
جۈملە توغرىسىدىكى چۈشەنچە مېنىڭ ئۇي-
غۇرچە ئىپادىسى مۇنداق:

"ئۇ بىر سۆزنىڭ قايسى ئاساسىي
(纲) مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنىلا بىلىدۇ،
لېكىن ئۇنىڭ قايسى كىچىكرەك (目)
مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، قايسى
تۈردىكى (科) مەنىگە (قايسى سۆز تۈر-
كۈمىگە تەۋە) ئىگە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ
بىلمەيدۇ."

يەنە بىر مىسال:

"五四"至今已有三十年，今年全国定为青年节。" ١

"4 - ماي" غا ھازىر 30 يىل بولدى. بۇ
يىلغا مەملىكىتىمىز بويىچە ياشلار بايرىمى
قىلىپ بەلگىلەندى.

بۇ تەرجىمىنى خەنزۇچىسى بىلەن
سۆزمۇ-سۆز سېلىشتۇرساق ھېچقانداق

نۇقسان تاپالمايمىز. لېكىن تەرجىمىنىڭ مەنتىقىسىدىن "مۇشۇ يىلدىن باشقا يىللاردا ياشلار بايرىمى بولمايدۇ" دېگەن مەنا ئۇقۇلىدۇ. بۇ يەردە تەرجىمان بىر ئاز لوگىكىلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈشى كېرەك ئىدى. مېنىڭچە، خەنزۇچە جۈملىنىڭ روھى ماھىيىتى مۇنداق بولسا كېرەك:

بۇ يىل "4 - ماي" ھەركىتىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن مۇشۇ يىلدىن ئېتىبارەن "4 - ماي" كۈنى مەملىكىتىمىز بويىچە ياشلار بايرىمى قىلىپ بەلگىلەندى.

يۇقۇرقى مىساللاردىكى ئىككىنچى خىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى خەنزۇچىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شەكىل جەھەتتىن خېلى دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ، لېكىن لوگىكىلىق تەپەككۇر جەھەتتىن ئۇقۇم بىرلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. تەرجىمىدىكى مۇشۇنداق تەپەككۇر پائالىيىتىنى ئىجادىي پائالىيەت جەريانى دېسە، مېنىڭچە، خاتا بولماس.

ئەمدى تەرجىمىنىڭ سەنئەت ئىكەنلىكىگە كەلسەك، تەرجىمىنى، بولۇپمۇ ياخشى ئىشلەنگەن تەرجىمىنى پوتو ئاپاراتتا تارتىلغان سۈرەتكە ئەمەس، بەلكى ئۇستا رەسسامنىڭ قولى بىلەن سىزىلغان سۈرەتكە ئوخشىتىش مۇمكىن. نېمە ئۈچۈن؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، پوتو رەسىم ئوبيېكتىنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. رەسسام بولسا ئوبيېكتىنىڭ ئىچكى ھالىتىنى، مەنىۋى ھېسسىياتىنى تەسۋىرلەپ، سۈرەتكە جانلىق تۈس بېرىدۇ. شۇڭا رەسسامنىڭ قولى بىلەن سىزىلغان سۈرەت پوتو سۈرەتكە قارىغاندا، كىشىلەرنى تۇيغۇلۇق ھېسسىياتلار تونىغا (قايغۇلۇق ياكى خۇشاللىق) ئوراپ، ئۆزىگە ئەسىر قىلىپ ئالالايدۇ. تەرجىماندىمۇ خۇددى شۇنداق ئىجادىي ماھارەت بولۇشى كېرەككى، ئۇ، زورۇر تېپىلغاندا، ئەسلى ئەسەرنىڭ پوستىنى ئەمەس، شاكىلىنى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ مېغىزىنى يەنى ئۇنىڭ روھي ماھىيىتىنى ئەسلى ئەسەردىكىگە باپ - باراۋەر دەرىجىدە ئەينەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولسۇن!

يۇقۇرقى ئەنە شۇ مۇلاھىزىلەرگە ئاساسلانغاندا، تەرجىمە ئىشى ئىنتايىن ئۇلۇغ، شەرەپلىك ۋە جەڭگىۋار روھقا ئىگە خىزمەت. ھەممىگە ئايانكى، «كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ خىتاپنامىسى»، "دۇنيانى بىر ۋەھىمە ئارىلاپ يۈرۈپتۇ" دېگەن جۈملە بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ ۋەھىمىنىڭ كوممۇنىزىم ۋەھىمىسى ئىكەنلىگىدە شۇبھە يوق. پۈتۈن ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي "ۋەھىمە" نى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىشتا ۋاستىلىق رول ئوينىغۇچى كۈچ تەرجىمانلىق ئەمەسمۇ؟! شۇنداق ئىكەن، تەرجىمانلىقنى يۇنان ئەپسانىسىدىكى پرومېتوسنىڭ ئوبرازى بىلەن تەسۋىرلەش پۈتۈنلەي توغرا. ھالبۇكى، لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىستىبداتلىقى دەۋرىدە تەرجىمانلىق ئىنتايىن كەمستىلىپ كەلدى، تەرجىمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى بولمىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ تەرجىمە باشقار-

مەسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «تەرجىمە كەسپى ئۇگىنىشى» ژورنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 2 - سانىغا «بىر تەرجىماننىڭ خېتى» بېسىلدى. شۇ خەتتە تەرجىمە خىزمىتىگە ۋە تەرجىمانلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىنىپ كەلگەنلىكىگە دائىر بەزى تىپىك مىساللار بايان قىلىنغان. شۇ مىساللاردىن بىرنەچچىسىنى تۆۋەندە تەكرارلايمىز:

"بەزىلەر هازىر خەنزۇچە بىلىدىغان مىللىي يولداشلار كۆپىيىپ قالدى، تەرجىمە خىزمىتى بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان ئارتۇقچە بىر ئىش،" دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى رەھبەرلەر تەرجىمان گەپ يەتكۈزىدىغان كاناي رولىنىلا ئوينايدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ؛

تەرجىمانلار خىزمەت ئىستىلى جەھەتتە كەمچىلىك، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا، ئۇلارغا تەنقىت - تەربىيە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانماي، بەلكى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ "ئىشلىسەڭ ئىشلە ـــ ئىشلىمىسەڭ يولۇڭنى كۆر" دەيدىغان پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بەزىلەر ھەتتا تەرجىماننى سۆزلەش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلىپ قويغان. مەسىلەن: مەلۇم گۇڭشېنىڭ تەرجىمانى مەجلىستە پىكىر بەرسە، گۇڭشېنىڭ مەسئۇلى دەرھال ئۇنى سۆزدىن توختىتىپ: "سېنىڭ پىكىر بېرىشكە نېمە ھەققىڭ بار؟ سېنىڭ ھوقۇقۇڭ ـ گەپ ئۆرۈپ بېرىش" دېگەن.

"يەنە بەزىلەر خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكىلەرنىڭ ئىسمىنى ئېلان قىلىش ۋاقتىدا: تەرجىمان ئىسىملىككە كىرمەيدۇ" دېگەن، دېمەك، بىز تەرجىمانلار "ئادەم" دېگەن ساناقتىمۇ ئەمەس ئىكەنمىز.

"تەرجىمان ئېلىپ يۈرىدىغان بەزى كىشىلەر خىزمەتتە نەتىجە كۆرۈلسە، ئۆزىنىڭ ھېساۋىغا يازىدۇ، چاتاق چىقىپ قالسا، مەن ئۇنداق دېمىگەن، تەرجىمان خاتا تەرجىمە قىپتۇ، دەپ مەسئۇلىيەتنى تەرجىمانغا ئارتىپ، ئۇنى ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. مەلۇم بىر تەرجىمان مۇنداق دەپ ئىلتىماس يازىدۇ: ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، مېنىڭ خاتالىقىم نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم، نېمىنى تەكشۈرىمەن؟... تەرجىمان ھەي تەرجىمان! دۇنيادا سەن ھەممىدىن كۆپ سۆزلەيسەن، لېكىن ئۆزۈڭنىڭ ئىچىدە ئۆزەڭنىڭ بىرمۇ سۆزۈڭ يوق؛ سەن رەھبەرلەرنىڭ تۈرلۈك پىكىر ۋە ئارزۇلىرىنى باشقىلارغا يەتكۈزىسەن، ھالبۇكى ئۆزەڭنىڭ پىكىر ۋە ئارزۇلىرىڭ بولۇشقا يول قويۇلمايدۇ... ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر... مۇندىن كېيىن بىرلا تىل بىلەن سۆزلەشنى تەلەپ قىلىمەن، ئەمدى مېنىڭ ئومۇرۋايەت تەرجىمانلىق قىلماسلىقىمغا رۇخسەت قىلغايسىزلەر..."

يۇقۇرقى مۇڭ ۋە زارلار، تەرجىمە خىزمىتىگە قانداق نەزەر بىلەن قاراپ كېلىنگەنلىكىنى ۋە تەرجىمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى قانداق بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەك، تەرجىمە خىزمىتىنى قانداق چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى، ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بولۇپمۇ جىددىي مەسىلە.

## 2. تەرجىمىگە قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش كېرەك

يۇقۇرىدا تەرجىمە خىزمىتىنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرجىمىگە قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش توغرىسىدىمۇ ئازراق توختالماي بولمايدۇ. بۇ مەسىلىدە ماركسىزىم كىلاسسىكلىرىنىڭ تەرجىمىگە تۇتقان ئىنتايىن دەل پوزىتسىيىسىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. بۇ يەردە ئاساسەن ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ تەرجىمە پوزىتسىيىسى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى، ماركس بىلەن ئېنگېلس تەرجىمىگە جىددىي قارايتتى ۋە تەرجىمانغا قاتتىق تەلەپ قوياتتى.

تەرجىمە ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيىتىنىڭ ئايرىلماس تەركىۋى قىسمى بولغان. 1894- يىلى ئېنگېلس «كاپىتال» نىڭ 3- تومىغا يازغان كىرىش سوزىدە، ئۆزىنىڭ ۋە ماركس ئەسەرلىرىنىڭ نەشر قىلىنىش ۋە تەرجىمە قىلىنىش ئەھۋالىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: "مەن ئۆزەمنىڭ چەكلىك دەرىجىدە بىلگەن بىر نەچچە خىل تىل جەھەتتىلا تەرجىمانلارغا ئاز- تولا ياردەم بېرەلىگەنلىكىمگە ئىنتايىن خۇرسەنمەن. شۇڭا چەكلىك دەرىجىدە بىلگەن بىر نەچچە خىل تىل جەھەتتىلا سېلىشتۇرۇپ بېرىش جاۋاپكارلىقىدىن باش تارتمايمەن ...... خەلقارا ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ تەرەققىياتى ماڭىنا يېڭى ۋەزىپىلەرنى يۈكلىمەكتە» («ماركس- ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 25- توم، خەنزۇچە نەشرى، 3- بەت) دېمەك، ئۇلار تەرجىمە خىزمىتىنى خەلقارا ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، دەپ ھىساپلىغان.

ماركس ۋە ئېنگېلس ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشنىڭ خاراكتېرى، ئەھمىيىتى، ۋەزىپىسى، ئۆلچىمى، پىرىنسىپى، ئۇسۇلى ۋە تەرجىماندا بولۇشقا تېگىشلىك خىزمەت قابىلىيىتى، پوزىتسىيە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار توغرىسىدا ئىنتايىن قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئېنگېلس «ماركسنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇنداق تەرجىمە قىلماسلىق كېرەك» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا: «كاپىتال» نى "ئاتاقلىق تەرجىمە مۇتەخەسسىسلىرى تەرجىمە قىلىشى لازىم" دەيدۇ. ئۇ، «كاپىتال» نى ئېنگىلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچى جون برودخوسنى تەنقىت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ "ئەسلى ئەسەرنى زادىلا ساداقەتلىك بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن"، "بولۇپمۇ ئۇ ئىشنىڭ ھەقىقى ئىلمىي خىزمەت ئىكەنلىكىنى ئەسلا چۈشەنمىگەچكە، ماركسنىڭ ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىشقا لاياقەتلىك ئادەم ئەمەس ئىدى" («ماركس- ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 21- توم. خەنزۇچە نەشرى، 266 — 267 بەتلەر).

ماركس ھەم ئېنگېلس سۈپەتسىز تەرجىمە ئەسەرلەر توغرىسىدا تەنقىدى ماقالىلار يېزىپ تۇرغان. ئۇلارنىڭ ماقالىلىرى توغرىدىن- توغرا ۋە دەل جايىغا تەككۈزۈپ يېزىلاتتى، كايىمدا مەسىلىلەر

ناھايىتى قاتتىق قويۇلاتتى. مەسىلەن: بىۋىنىسى "ئىنتايىن قوپال تەرجىمە"، ئۈنىسى "ئىنتايىن ئۇچۇق بىچىرۋالىق" ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش. ئېنگېلس ماركسنىڭ «لۇئى. بوناپارتنىڭ تۇمانلىق ئېيىنىڭ 18 ى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1 - بابىنىڭ ئېنگېلىزچە تەرجىمە كوپىيىسىنى كورگەندە، تەرجىمە سۈپىتىنىڭ ناھايىتى ناچارلىقىنى كورۇپ، ئۇنىڭدىن خاتىرە يېزىپ قالدۇرغاندىن تاشقىرى، تەرجىمىدە تاشلاپ كېتكەن جايلارنى تولۇقلاپ تەرجىمە قىلغان. ئۇ ماركسقا يازغان بىر خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: "چۈشىنىش ئۈچۈن ئىنتىلىش بولمىغان، قىيىندىن قاچقان تەرجىمىنى تەھرىرلەشتىن كورە قايتىدىن تەرجىمە قىلىش ئاسانراق ئىكەن"، ئېنگېلسنىڭ بۇ تەجرىبىسى ھازىرمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىككىنچى، ماركس بىلەن ئېنگېلس تەرجىمە مەسىلىسىدە ئاساسەن 3 نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى.

بىرى، تېكىستنى توغرا ۋە ئېنىق چۈشىنىپ تەرجىمە قىلىش. ئۇلار، ئەسلى ئەسەرنى توغرا چۈشىنىش ئاپتورنىڭ ئىدىيىسىنى توغرا ئىپادىلەشنىڭ زورۇر شەرتى، بۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمان تەرجىمە قىلىش ۋاقتىدا ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى ۋە توغرا ئۆزلەشتۈرۈشى لازىم، دەپ ھېساپلايتتى. شۇڭا ئۇلار تەرجىمە قىلماقچى بولغان ئەسەرنى تولۇق چۈشىنىپ بولمىغىچە ھەرگىز ئالدىراپلا تەرجىمىگە كىرىشمەسلىكنى تەكىتلەيتتى. ئېنگېلس ئەسلى ئەسەرنىڭ ئومۇمى مەزمۇنىنىلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر سوزنىڭ ھەر خىل مەنىلىرىنى ۋە مەنىداش سوزلەرنىڭ ئىنچىكە پەرقلىرىنىمۇ چۈشىنىۋېلىش زورۇرلىكىنى كورسەتتۇ. ئۆز زامانىسىدا مەلۇم بىر كىشى ئېنگېلسنىڭ «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك ۋە دولەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسىرىنى فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىپتىكەن. ئېنگېلس مۇنداق دەپتۇ: "ئۇ، نېمىسچىدىكى كوپ مەنىلىك سوزلەرنىڭ ئىنچىكە پەرقلىرىنى بىلمەيدۇ، ئۇ بىر سوزنىڭ قايسى ئاساسى مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنىلا بىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ قايسى كېڭەيگەن مەنىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، قايسى تۇردىكى مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. مېنىڭچە، بۇ زور كوپچىلىك تەرجىمانلاردىكى ئىللەت".

ئىككىنچى بىر نۇقتا، تەرجىمىنىڭ قانداق ئىپادە قىلىنىشى توغرىسىدىكى مەسىلە. ئېنگېلس «لۇئى. بوناپارتنىڭ تۇمانلىق ئېيىنىڭ 18 ى» ناملىق ئەسىرىنىڭ پېپىر ① تەرىپىدىن قىلىنغان ئېنگېلىزچە تەرجىمىسىگە مۇنداق باھا بېرىدۇ: «تەرجىماننىڭ گىرامماتىكا ۋە ئىستىلىستىكا جەھەتتىكى خاتالىقلىرى ھەددى - ھېساپسىز. ئۇ، ئازىراقلا قىيىن كەلگەن جايىنى، ھەدېسىلا،

① پېپىر ۋىلخېلم — نېمىس تىلشۇناسى ۋە مەتبۇئاتچىسى، كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى.

سۆزمۇ-سۆز تەرجىمە قىلغان، نەتىجىدە پۈتۈنلەي تۇتۇرۇقسىز بەزى نەرسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان…

تەرجىمىنىڭ ئىپادە قىلىنىشى توغرىسىدىكى مەسىلە — ماھىيەتتە ئىپادىلەش شەكلى توغرىسىدىكى مەسىلە. تەرجىماننىڭ ۋەزىپىسى تېكىستنىڭ ئىپادىلەش شەكلىنى مېخانىك رەۋىشتە ئەينەن كۆچۈرۈپ قويۇش ئەمەس، بەلكى، ئىككىنچى بىر تىلدا تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا (لوگىكىسىغا) ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى ئىپادىلەش شەكلىنى يارىتىشتىن ئىبارەت. ئۇچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ تەرجىمىمىز لۇغەت تەرجىمىسى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئەگەر لۇغەت تەرجىمىسىنى ئەسەر تەرجىمىسى ئورنىغا قويۇپ قويساق مېخانىك تەرجىمە يولىغا كىرىپ قالغان بولىمىز. چۈنكى لۇغەت تەرجىمىسى ئەسەر تەرجىمىسىگە ئوخشىمايدۇ. ئەسەر تەرجىمىسىنىڭ جەريانى قايتا ئەسەر يارىتىش جەريانى ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر سۆزنى ساداقەتلىك بىلەن دەلمۇ-دەل مەنىدە تەرجىمە قىلىش لۇغەتنىڭ مۇقەررەر ۋەزىپىسى. لېكىن لۇغەت تەرجىمىسىنى خىلمۇ-خىل تىل شارائىتلىرىغا قانداق ئۇيغۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ — تەرجىماننىڭ ئىشى. مېنىڭچە، مەنىگە سادىق بولۇش، تەپەككۇر لوگىكىسى بىردەك بولۇش شەرتى ئاستىدا، ئوخشاش بولمىغان ماسلىشىش ۋە كونتېكستلاردا ئىپادىلەش شەكىللىرىنىڭ جانلىقراق بولۇشى، خىلمۇ-خىلراق بولۇشى تەرجىمىنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئاشۇرىدۇ. تەرجىمىدە ئەندىزىچىلىككە يول قويماسلىق كېرەك. بۇنداق قىلىش تەرجىمىنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ. مەسىلەن: رۇس تىلىدىكى « ЛИТЬСЯ » (ئاقماق، توكۇلمەك، قۇيۇلماق) دېگەن پېئىلنىڭ كوچمە مەنىلىرى تۆۋەندىكى مىساللاردىكىدەك ھەر خىل تەرجىمە قىلىنىشى مۇمكىن:

ۋاقىت تېز ئۆتمەكتە 时光流逝

ناخشا ئاۋازى ياڭرىماقتا 歌声荡漾

خۇش پۇراق ھەممە ياقنى قاپلىدى 芳香四溢

……

ئىنگلىزچە " Man " نىڭ ئەسلى مەنىسى "ئادەم" دېگەن بولىدىكەن. لېكىن ئوخشاش بولمىغان كونتېكستلاردا بولسا ھەر خىل مەنىلەرگە ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن:

ئېرى بىلەن خوتۇنى 丈夫和妻子

ئوفىتسېر بىلەن سولدات 官和兵

ئۇرۇش كېمىسى 战舰

بىزدە خەنزۇچىدىكى ھەر بىر سۆزگە ئۇچەس موھۇر بېسىپ قويۇش ئومۇمى ئادەتكە ئايلانغان. مەسىلەن:

قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك تەكلىپ 建设性的建议

"这种批评应该是建设性批评"（邓小平《目前的形势和任务》第

44页 )

"مۇنداق تەنقىت قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك تەنقىت بولۇشى كېرەك"

( ئۇيغۇرچە نۇسخىسىغا قارالسۇن )

“使我们这个问题上，有着比较清醒的认识”

« ئۆزىمىزنى بۇ مەسىلىدە سەگەك ئويغاق تونۇشقا ئىگە قىلىشىمىز لازىم » ( « ئاساسىي قانۇن » كونا يېزىق نەشرى، 29-بەت )

"醒清" نى بۇ يەردە « سەگەك » سۆزى بىلەن ئەمەس، بەلكى « ئېنىق » سۆزى بىلەن ئىپادىلەش مۇۋاپىق ئىدى.

يۇقۇرقىدەك ئەھۋاللارغا ئاساسەن، مېنىڭچە، ئىپادىلەش شەكىللىرىنى تاللاشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە ئىش كۆرۈلسە قانداق بولار:

1 ) سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسىگە ئۇلۇك ئېسىلىۋالماستىن، ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى كونكرېت ۋەزىپىسىنى ۋە ئەمەلىي مەنىسىنى ئېنىقلاشقا كۆڭۈل بۆلۈش. مەسىلەن: "建设" گە ئوخشاش. يۇقۇرقى ئىككى مىسالدا "建设" نى "مۇۋاپىق"، "پايدىلىق"، "ئەمجابىي" دېگەن مەنىلەردە ئىپادىلەش كېرەك ئىدى.

2 ) سۆزلەرنى مۇۋاپىق تاللاش ۋە ئۇلارنىڭ ماسلىشىشىغا ئەھمىيەت بېرىش. مەسىلەن:

ئېنىق چۈشەنچە 清醒的认识

كەڭ قانات يايدۇرۇش 深入开展

( ئۇيغۇر تىلىدا "كەڭ" بىلەن "يايماق" سۆزلىرى ماسلىشىدۇ )

3 ) ئادەتتىكى ئىستېمال مەنىسى بىلەن خاس ئىسىم بولۇپ كەلگەن ئورۇندىكى مەنىسىنى پەرقلەندۈرۈش. مەسىلەن: "前提" نى بىز ھەمىشە "ئالدىنقى شەرت" دەپ تەرجىمە قىلىمىز. لېكىن لوگىكىدا 前提 خاس ئىسىم بولۇپ كېلىدۇ.

三段论由大、小前提，结论三部分组成。如凡金属都能导电（大前提），铁是金属（小前提），所以铁能导电（结论）。

ئۈچ ھۆكۈملۈك ( سىللوگىزىم ) چوڭ ھۆكۈم، كىچىك ھۆكۈم، خۇلاسىدىن ئىبارەت 3 قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن: ئومۇمەن مېتاللارنىڭ ھەر قاندىقى توك ئۆتكۈزىدۇ ( چوڭ ھۆكۈم )، تۆمۈر مېتال ھېسابلىنىدۇ ( كىچىك ھۆكۈم )، شۇنىڭ ئۈچۈن تۆمۈر توك ئۆتكۈزەلەيدۇ.

4 ) سۆزلەردىن توغرا پايدىلىنىش، تەرجىمە تىلىنىڭ ئىستېمال ئادىتىگە ئېتىبار بېرىش. مەسىلەن:

"运动进入高潮" دېگەن جۈملىنى ئالساق، بۇ، خەنزۇ تىلىنىڭ ئىستېمال ئادىتىگە ئۇيغۇن بىر خىل شەكىل. بۇنى شۇ شەكىل بويىچە تەرجىمە قىلساق: "ھەرىكەت يۇقۇرى دولقۇنغا كىردى" بولىدۇ. ھالبۇكى ئۇيغۇر تىلى ئادىتى بويىچە "يۇقۇرى" سۆزى بىلەن "كىردى" سۆزى جۈپلەشمەيدۇ، بەلكى "يۇقۇرى" سۆزى بىلەن "كۆتىرىلدى" سۆزى ( يۇقۇرى كۆتىرىلدى )، "كىردى" سۆزى بىلەن "ئىچكىرى" سۆزى ( ئىچكىرلەپ كىرمەك ) جۈپلىشىدۇ ۋە ماسلىشىدۇ.

ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە

قىلىشتىمۇ بۇقۇرقىدەك ئەھۋال مەۋجۇت. مەسىلەن: "ئۆلۈك" سۆزىنى ئالساق، ئۇنى لۇغەت مەنىسى بويىچە، خەنزۇچىدا "尸体"، "死尸"، "死人"، دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن كونكرېت تىل شارائىتىدا خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ئادىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەيتۇ.

丑事不外扬

يەنە ئالايلۇق:

ئۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئولتۇرىدۇ.

他座在那里不吭气

پۈتۈن ئىش ئۇنىڭ بېشىغا كېلىدى.

一切家务落在他的身上

باشقىلارنىڭ دۇمبىسىنى چالماق

替别人效劳骗

بۇرۇتىنا چالما تىزماق 骗人

خەنزۇ تىلىدىكى "深" دېگەن سۆز خەنزۇ تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە، كۆپ مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر تىلىدىكى "چوڭقۇر" سۆزىنىڭ "深" نىڭ ئىستېمالىدىكى ھەممە مەنىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىشى ناتايىن. مەسىلەن:

قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلىقى 水井的深度

چوڭقۇر چۈشەنمەك 深刻认识到

ئۆڭكۈر ناھايىتى ئىچكىرى 山洞很深

كەسكىن ئۆزگىرىش 深刻变化

روشەنكى، تەرجىمىدە — مەيلى قايسى تىلدىن قايسى تىلغا بولسۇن — ئىپادىلەش شەكىللىرىنى تاللاشتا، سۆزلەردىن توغرا پايدىلىنىش ۋە تەرجىمە تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئادىتى مەسىلىسىگە ھەرگىز سەل قارىماسلىق كېرەك.

5. مەنىداش ياكى مەنىسى يېقىن سۆزلەرنىڭ ئىستېمالىدىكى يەنى كونكرېت ئىشلىتىش ئورنىدىكى ئىنچىكە پەرقلىرىگە دىققەت قىلىش لازىم. مەسىلەن: خەنزۇ تىلىدىكى "排斥" "丰富" سۆزلىرى خەنزۇ تىلىنىڭ ئىستېمال ئادىتىدە كونكرېت نەرسىلەر ئۈچۈنمۇ، مەفھۇمى ئۇقۇم ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا ئىشلىتىلىۋېرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا 丰富 "مول"، "باي" دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؛ 排斥 — "چەتكە قاقماق"، "ئىستىسنا قىلماق" دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئۇيغۇرچە سۆز ۋە بىرىكمىلەرنىڭ مۇشۇ مەنىلەردىكى ئىپادىلىنىشى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئىشلىتىش ئورۇنلىرى ئوخشىمايدۇ. ئالايلۇق، "مول ھوسۇل ئېلىندى" دېگەننىڭ ئورنىغا "باي ھوسۇل ئېلىندى" دېيىلمەيدۇ، شۇنداقلا "بۇ ئەسەر مەزمۇنغا باي" دېگەننىڭ ئورنىغا "بۇ ئەسەر مەزمۇنغا مول" دېيىلمەيدۇ؛ "يەرلىكلەر يات يۇرتلۇقلارنى چەتكە قاقتى" دېيىلسە بولىدۇ، لېكىن "يەرلىكلەر يات يۇرتلۇقلارنى ئىستىسنا قىلدى" دېسە بولمايدۇ، شۇنىڭدەك "ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزم بىر-بىرىنى ئىستىسنا قىلىدۇ (رەت قىلىدۇ)" دېسە بولىدۇ، لېكىن "ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزم بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدۇ" دېيىلسە تازا مۇۋاپىق بولمايدۇ. چۈنكى "يەرلىكلەر"، "يات يۇرتلۇقلار" كونكرې-

رېت ئۇقۇم، «ماتېرىيالىزم»، «ئىدېيالى-
زم» بولسا مەفھومى ئۇقۇم. شۇنىڭدەك،
"ئەسۇل ھوسۇل" كونكرېت ئۇقۇم، "مەز-
مۇنغا باي" دېگەن بىرىكمە بولسا مەفھو-
مى ئۇقۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمىدە بۇ
سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى ئۆز جايىدا
مۇۋاپىق ئىشلىتىش كېرەك. بۇ قائىدە مۇشۇ
خىلدىكى ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ
ھەممىسى ئۈچۈن ئورتاق ئەھمىيەتكە ئىگە.

6. ئەسلى مەنىسىگە سادىق بولۇش
شەرتى ئاستىدا، ئىخچام راق ئىپادىلەش
مۇمكىن بولغان سۆز بىرىكمىلىرىنى يەككە
سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىسىمۇ بولىدۇ، مەسىلەن:

مۇقەررەر، سۆزسىز، شۈبھىسىز
不可怀疑的

زۆرۈر، كېرەكلىك
必不可少的

خالىس، ئادىل 不偏不党的

ماركس بىلەن ئېنگېلس ئەھمىيەت
بەرگەن ئۈچىنچى مۇھىم پرىنسىپ — تەر-
جىمىنىڭ سىياسى تەلەپچانلىقى

ئۇلار پارتىيە مەنپەئەتى ئۈچۈن، تەر-
جىمە ئىشلىرىدا باشتىن - ئاخىر پارتىيى-
ۋىلىك پرىنسىپقا قاتتىق ئەمەل قىلغان
ھالدا، سىياسى — ئىدېيىۋى شەرتىنى تەر-
جىماننى تاللاشنىڭ بىرىنچى ئۆلچىمى قىلات-
تى، ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىنى سىياسى —
ئىدېيە جەھەتتىن ئىشەنچلىك، يارامىلىق
ئادەملەرگە تەرجىمىگە بېرەتتى. 1867-
يىلى ماركس دەسلەپتە «كاپىتال» نىڭ
فىرانسۇزچە تەرجىمىسىنى ئېنتېرناتسونال ئە-
زاسى ئې پى دېكىلۇسنىڭ تەرجىمە قىلىشىغا
قوشۇلغان. كېيىن ئۇ، بۇ ئادەمنىڭ باكۇ-
نىنچىلارنىڭ بىر رەھبىرى ئىكەنلىكىنى بى-
لىپ، دەرھال ئۇنىڭ تەرجىمە قىلىش سا-
لاھىيىتىنى كۈچتىن قالدۇرغان. 1883-يىلى
م.كيۇرنىڭ «پەلسەپە نامراتلىقى» نى نې-
مىسچىگە تەرجىمە قىلىشنى تەلەپ قىلىپ،
ئېنگېلسقا خەت يازىدۇ. بۇ ئادەم بىر تە-
رەپتىن، ماركسقا قارشى تۇرىدۇ، يەنە
بىر تەرەپتىن، ماركستىن مەنپەئەت ئېلىش
خام خىيالىدىمۇ بولىدۇ. شۇڭا ئېنگېلس:
بۇ "كاززاپ" تىن ئىنتايىن تويدۇم، دەپ
ئۇنىڭ تەلىۋىنى قەتئى رەت قىلىدۇ. ئېن-
گېلس مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر مەن خو-
جېنزولىن خاندانلىقىغا چوقۇنغۇچى بۇ ئالا-
قانات ۋە مۇتەئەسسىپ دۆلەت سوتسىيالى-
ستىنىڭ «پەلسەپە نامراتلىقى» نى تەرجىمە
قىلىشىغا قوشۇلغان بولسام، ئۇ چاغدا، ماركس
مېنى ئۇخلاپ ياتقىنىمدا بوغۇپ ئۆلتۈرگەن
بولاتتى." («ماركس — ئېنگېلس ئەسەرلى-
رى» 36- توم، خەنزۇچە نەشرى، 73-
بەت).

يۇقۇرقى پاكىتلاردىن ماركس بى-
لەن ئېنگېلسنىڭ ئىپادىلەش مەسىلىگە
نەقەدەر ئەستايىدىل ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق
بىلەن قارىغانلىقى ئايدىڭ - ئوچۇق كۆرۈنۈپ
تۇرۇپتۇ.

قىسقىسى تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى چۈ-
شىنىش بىر مەسىلە، چۈشەنگەن مەزمۇنى
دەل ۋە ئېنىق ئىپادىلەش يەنە بىر مە-
سىلە، بەلكى تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ مۇرەك-
كەپ بىر مەسىلە. چۈشىنىش بىلەن ئىپا-
دىلەشنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى.

ماھىيەتتە، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭدا مەزمۇن شەكىلنى بەلگىلەيدۇ، شەكىل بولسا مەزمۇن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. تەرجىمىدە شەكىلگىلا بېرىلىپ كېتىپ، مەزمۇنغا سەل قارايدىغان شەكىلۋازلىققا قەتئىي يول قويماسلىق كېرەك، مەزمۇن قانداق شەكىلدە ئىپادىلىنىشنى تەلەپ قىلسا شۇنداق شەكىلنى تاللاش ئۈچۈن ئىزدىنىش لازىم. بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىم ۋە ئاساسىي تەرىپى. لېكىن شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شەكىل مەزمۇن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا شەكىل ھەرگىز سەلبىي ۋە پاسسىپ ئامىل ئەمەس، ئۇ مەزمۇنغا نىسبەتەن زور دەرىجىدە ئەكسى تەسىر كۆرسىتىدۇ. شەكىلنىڭ مەزمۇنغا نىسبەتەن ئەكسى تەسىردە ئىككى خىل ئاساسىي ئەھۋال يۈز بېرىدۇ: شەكىل مەزمۇنغا راسا ماسلىشىپ كەلسە، مەزمۇننىڭ ئىپادىلىنىشى كۈچلۈك ۋە جانلىق بولىدۇ؛ ئەگەر شەكىل مەزمۇنغا ماسلاشماي قالسا، مەزمۇننىڭ توغرا ۋە ئەينەن ئىپادىلىنىشىغا نۇقسان كەلتۈرىدۇ، ھەتتا ئەسلى ئەسەرنىڭ روھى ماھىيىتىنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ، ياكى بۇرمىلىۋېتىدۇ. شۇڭا تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە، دەريادىن ئۆتۈش ئۈچۈن كوۋرۈك سېلىش ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتۈپ قالغانغا ئوخشاش ئەھۋال يۈز بەرگەندە، ئىپادىلەش شەكلى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئورۇنغا ئۆتۈپ قالىدۇ. تەرجىماننىڭ ماھارىتى ۋە تالانتى خۇددى مۇشۇنداق شارائىتتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

## 3. تەرجىمىنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئۇسۇلى مەسىلىسى

تەرجىمىنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسىدە، يېقىنقى زامان تارىخىدا، 19 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىغىچە بولغان دەۋردە مېنىڭچە، مۇنداق ئۈچ تارىخىي باسقۇچ بارمىكىن دەيمەن. ئۇنىڭ بىرىسى 1818 - يىلىدىن 1895 - يىلغىچە بولغان دەۋر، يەنى ماركس، ئېنگېلس ياشىغان دەۋر، ئىككىنچى باسقۇچ (مەملىكىتىمىز شارائىتىدا) 1853 - يىلىدىن 1921 - يىلغىچە بولغان دەۋر، يەنى يەن فۇ ياشىغان دەۋر؛ ئۈچىنچى باسقۇچ، 1881 - يىلىدىن 1936 - يىلغىچە بولغان دەۋر، يەنى لۇشۈن ياشىغان دەۋر. بۇ دەۋرلەرنى يىللارغا ئايرىساق 80 - 90 - يىللار 20 - يىللار ۋە 30 - يىللارغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى تارىخىي باسقۇچتا ماركس بىلەن ئېنگېلس «سادىق بولۇش ۋە راۋان بولۇش»نى تەرجىمىنىڭ ئۆلچىمى ۋە پرىنسىپى، دەپ قارىغان؛ يەن فۇ ياشىغان دەۋرگە كەلگەندە، يەن فۇ 《信,达,雅》 (دۇرۇس بولۇش، راۋان بولۇش، گۈزەل بولۇش) دىگەن ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويغان، 30 - يىللاردا، يەنى لۇشۈن دەۋرىدە لۇشۈن 《宁信而不顺》 (راۋان بولمىسا بولسۇنكى، دۇرۇس بولسۇن) دىگەن پىكىرنى ئالغا سۈرگەن. بۇ ئۆلچەملەردىن ئالدىنقى ئىككىسى، ماھىيەت جەھەتتىن، بىر بىرىگە يېقىن كېلىدۇ. 3 - ئۆلچەم بولسا باشقىچىرەك تەرىزدە قويۇلغان. لۇشۈن ئەمما

ئۈچۈن مەسىلىنى مۇنداق قويىدۇ؟ ئۇنداقتا، لۇشۇن تەرجىمىنىڭ راۋان بولۇشىغا قارشى ئىكەن دېگەن مەنا كېلىپ چىقامدۇ؟ ئاددى قارىغاندا، شۇنداق مەنا كېلىپ چىقىشىمۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنداق ئەمەس، ئەگەر شۇنداق قارىلىدىغان بولسا لۇشۇنغا ئۇۋال بولىدۇ. لۇشۇننىڭ مەسىلىنى شۇنداق قويۇشى، شۇ چاغدىكى تارىخىي مۇھىتنىڭ تەقەززاسى ئىدى، بۇ ئۇلچەم شۇ دەۋردە تەرجىمە ساھەسىدىكى ئۆز بېشىمچىلىق خاھىشىغا خاتىمە بېرىشتە چوڭ رول ئوينىغان. بۇنى لۇشۇننىڭ ئۆز سۆزىدىنمۇ چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ:

"بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ (جاۋجىڭشىنىي دېمەكچى—) راۋان دېگىنى ئازراق خاتا بولسىمۇ بولىۋېرىدىغان راۋان ئىكەن، بۇ ئەلۋەتتە جۇڭگونىڭ چاكىنا تىللىغا يول قويۇپ، ئەسلى مەنىنى يوققا چىقىرىشنىڭ چارىسى... ئىككىنچىدىن، «خاتاراق بولسىمۇ مەيلىكەن»، دېمەك بۇ — كىتابخانىلارنى قايمۇقتۇرغانلىق، كىتابخانىلارنى ئاپتورنىڭ ئەسلى مەقسىدىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلغانلىق... ئۈچىنچىدىن، روشەنكى، ئۇ پۈرولېتارىيات ئەدىبىياتىغا قارشى تۇرۇشقا ئىشارەت قىلغان. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى — يەنى ئۇنىڭ پۈرولېتارىيات ئەدىبىياتىغا قارشى تۇرغانلىقى، پۈرولېتارىيات ئەدىبىياتىغا دائىر بەزى نەزىرىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىنىش ۋە ئىجادىيەتلەرنى تەرجىمە قىلىشنى دارتمىلاپ ئەيىپلىگەنلىكى، بۇ — پۈرولېتارىيات ئەدىبىياتىنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆز.

"تەرجىمىدە خاتالىققا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ. لېكىن بەزىدە، تەرجىمە قىلىنىدىغان ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ خارەكتېرىگە قاراپ، ئەسلى روھىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئاز - تولا راۋان بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا يول قويۇش مۇمكىن. بۇ پەقەت «مۇداپىئە تاكتىكىسى» دېگىلا ئىبارەت. پىلخانوف ئالېكتىك ماتېرىيالىستلار «مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش»نى بىلىشى كېرەك، دېگەن. بىز ھەممىدىن ئاۋال شۇنى ئېيتىشىمىز كېرەككى، بىز چۈشەنگەن "راۋان" دېگەنلىك جاۋجىڭشىن قاتارلىقلارنىڭ ئېيتقىنىغا ئوخشىمايدۇ.

لۇشۇننىڭ يۇقۇرقى پىكىرلىرى توغرىمۇ؟ پۈتۈنلەي توغرا. ئۇنداقتا مەسىلە قەيەردە؟ مەسىلە "راۋان بولۇش"نى ئىككى خىل چۈشىنىشتە. بىرسى، ئەسلى مەزمۇننىڭ توغرا ئىپادە قىلىنىشى ئاساسىدىكى "راۋان بولۇش"، يەنە بىرسى ئەسلى مەزمۇننىڭ خاتا بولۇشىغا يول قويۇش ئاساسىدىكى "راۋان بولۇش". بىز ئالدىنقىسىنى يەنى لۇشۇن چۈشەنگەن "راۋان بولۇش"نى تەشەببۇس قىلىمىز. ئىككىنچى خىل "راۋان بولۇش"قا بولسا قەتئى قارشى تۇرۇش لازىم. ماركس بىلەن ئېنگېلس: تەرجىمىنىڭ ھەممىسىلا توغرا بولۇپ قالماستىن، بەلكى تىلىمۇ راۋان بولۇشى، "ئوقۇغاندا ئەسلى ئەسەرگە ئوخشاش بولۇشى لازىم"لىقىنى كۆرسەتكەن. شۇڭا ئۇلار تەرجىمە تىلىنىڭ قېلىپلاشقان

ئاۋام خەلق تىلىغا ئۇيغۇن بولۇشىنى گىراماتىكىسىنىڭ توغرا بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلار تىلى راۋان بولمىغان تەرجىمىگە قاتتىق نەپرەتلىنەتتى، تىل سەۋىيەسى تۆۋەن، سۈپەتسىز ناچار تەرجىمىلەرنىڭ نەشر قىلىنىشىغا قارشى ئىدى. ئېنگېلس 1867 - يىل 9 - سىنتەبىردە ماركسقا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: "«ھەرەم ئۇۋىسى» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان، كىشىنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرىدىغان تۇتۇق تەرجىمىنى كىم قىلغاندۇ؟ ... مەن بۇ تەرجىمىنىڭ بىسىل ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە سىزنىڭ ئىناۋىتىڭىزگە داغ كەلتۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئۇلار بۇ تەرجىمىنى سىزنى ئۆزى تەرجىمە قىلغان دەپ ئويلىشى مۇمكىن." («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 31 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 346 - بەت).

1883 - يىل 24 - ئاپرېلدا ئېنگېلس ۋ. ئا. سورگېغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: "ۋېدېمېر ھازىر ئېنگېلىزچىنى بىلىپ قاپتىمۇ؟ ئۇنىڭ بۇرۇنقى تەرجىمە ئەسەرلىرى مەيلى گىراماتىكا جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئىستىلىستىكا جەھەتتىن بولسۇن نەشر قىلىش سەۋىيەسىگە زادىلا ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇنداق تەرجىمە بىزنىڭ ئابرويىمىزغا قاتتىق داغ كەلتۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتورنى كۈلكىگە قالدۇرىدۇ." («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 36 - توم، خەنزۇچە نەشرى 16 - بەت)

روشەنكى، ماركس بىلەن ئېنگېلس تەرجىمىدە "سادىق بولۇش" نى "راۋان بولۇش" بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن، ئۇلداقتا لۇشۈن ئوتتۇرىغا قويغان "تەرجىمە ئۆلچىمى" بىلەن ماركس، ئېنگېلسنىڭ "تەرجىمە ئۆلچىمى" بىر - بىرىگە زىتمۇ. مېنىڭچە زىت ئەمەس، پەقەت مەسىلىنىڭ قويۇلۇش شەكلىدىلا "پەرق" بار، گەپ بۇ "پەرق" نى توغرا چۈشىنىشتە.

ئۇنداق دىدۇق، مۇنداق دىدۇق، ئاخىرقى ھېساپتا، مەسىلىنىڭ قويۇلىشى جەھەتتە قايسى ئۆلچەمنى تاللىۋېلىشىمىز لازىم. مېنىڭچە، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ "تەرجىمە ئۆلچىمى" بىلەن يەن فۇنىڭ "تەرجىمە ئۆلچىمى" نى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا تەرجىمە ئۆلچىمى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ، بۇ تەرجىمە ئۆلچىمىگە لۇشۈننىڭ روھىمۇ قوشۇلار، دەپ ئويلايمەن. چۈنكى بىز بۇ ئۆلچەمنى 80 - يىللارنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق، دەپ ھېساپلايمىز.

ئەگەر بىز تەرجىمىنىڭ مۇشۇ ئۆلچىمىنى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ تەلىۋىگە ئويغۇن كېلىدۇ دەپ قارىغىنىمىزدا، ئۇنى تەرجىمە ئەمەلىيىتىگە قانداق سىڭدۈرۈش كېرەك؟ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق تەرجىمە ئۆلچىمىگە يارىشا قانداق تەرجىمە پوزىتسىيەسى بولۇش كېرەك؟ بۇ ھەقتىمۇ ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن تەلىمى بار. بىرىنچىدىن، تەرجىمە مەسىلىسىدە "تەرجىمىنى

«ئۆز سۆزىنىڭ ئىجادىيىتى قىلىنىۋېلىنىش①» قا تەرجىماننىڭ "ئېزىتقۇچىلارچە شالاقلىق بىلەن ئەركىن يورغىلاپ كېتىشى②" گە يول قويماسلىق؛ ئىككىنچىدىن، پۈتۈنلەي بىمەنىلىكتىن ئىبارەت سۆزمۇ-سۆز تەرجىمىگىمۇ يول قويماسلىق. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر قىيىن جۈملە ئۇچراپ قالسا تەرجىمە قىلماي تاشلاپ كېتىشكە بولىدىكى... بىر دۆۋە نەرسىلەرنى يېزىپ، گويا سۆزمۇ-سۆز، جۈملىمۇ-جۈملە تەرجىمە قىلىپ قويۇلسا ئەمەلىيەتتە، ئۇ تامامەن بىمەنا نەرسىلەردىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ" («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 28- توم خەنزۇچە نەشرى 138 -بەت)

روشەنكى، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ تەلىپى بويىچە قارىغاندا، تەرجىماننىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىغا نېگىزلەنگەن ئەركىن تەرجىمىمۇ خاتا، شۇنىڭدەك ئەسلى مەنىنى ئەينەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان سۆزمۇ-سۆز، جۈملىمۇ-جۈملە تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىمۇ خاتا. ئۇنداق بولسا تەرجىمىنىڭ توغرىراق ئۇسۇلى قايسى؟ مېنىڭچە، سۆزمۇ-سۆز تەرجىمە بىلەن جانلىق تەرجىمىنىڭ قوشۇلمىسىدىن ئىبارەت بولغان "دەل تەرجىمە".

## 4 - تەرجىمە تەتقىقاتى مەسىلىسى

يۇقۇرىدا تەرجىمىنى قانداق تونۇش مەسىلىسى، تەرجىمىگە قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش مەسىلىسى، تەرجىمىدە مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى، تەرجىمىنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى، جۈملىدىن تەرجىمىنىڭ ئۇسۇلى مەسىلىسى ئۈستىدە ئۆزەمنىڭ بەزى مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم. مېنىڭ مۇشۇ مەسىلىلەر توغرىسىدىكى مۇلاھىزەم مەيلى توغرا بولسۇن، مەيلى خاتا بولسۇن، ئۇندىن قەتئىي نەزەر، لېكىن مۇشۇ مەسىلىلەرنىڭ مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك ئىلمىي مەسىلىلەر ئىكەنلىكىدە تالاش-تارتىش قىلىشقا ئورۇن بولمىسا كېرەك. يۇقۇرقى مەسىلىلەرنى ئىلمىي مەسىلە دەپ ئېتىراپ قىلغان ئىكەنمىز، بۇ ئىلمىي مەسىلىلەرنىڭ توغرا ھەل قىلىنىشى تەرجىمە ساھەسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنىمۇ، ئەلۋەتتە ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمە تەتقىقاتى تەرجىمانلار قاتارىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاكتۇئال ئەمەلىي مەسىلىلەردىن بىرى. شۇڭا بۇ مەسىلە ئۈستىدىمۇ ئازىراق توختىلىپ ئۆتمەي بولمايدۇ.

ماركس بىلەن ئېنگېلس بىزگە تەرجىمە ئىشىنى تەتقىقات بىلەن بىرلەشتۈرۈش پىرىنسىپى بويىچە ئىشلەشكە تەلىم بەرگەن. بىز مۇشۇ پىرىنسىپقا تولۇق ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. ئۇنداق بولسا تەر-

① «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 28 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 138 - بەت.

② «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 28 - توم، خەنزۇچە نەشرى 124 - بەت.

جىمە تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى نىمىگە قارىتىلىشى لازىم؟ ئۇنىڭ ئاساسىي تەتقىقات ئوبيېكتى نىمە بولۇشى كېرەك؟ (بۇ سوئاللارغا جايىدا جاۋاپ بېرىش، مېنىڭچە، خېلى بىر مەسىلە، لېكىن تەرجىمە ئىلمى بۇنىڭغا ئەلۋەتتە جاۋاپ بېرىشى كېرەك). مېنىڭ تولىمۇ ئاددى چۈشەنچەم بويىچە بۇ مەسىلىگە مۇندىغىراق جاۋاپ بېرىشكە بولارمۇ؟ كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا تەرجىمە تەتقىقاتى تەبىئەت پەنلىرى بىلەنمۇ، ئىجتىمائى پەنلەر بىلەنمۇ، پەلسەپە ساھەسى بىلەنمۇ بىردەك باغلىنىدۇ. دېمەك، تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئىلمىي دائىرىسى چەكسىز كەڭ. بۇ، تەرجىمە خىزمىتىگىلا خاس ئالاھىدە بىر خۇسۇسىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمە خىزمىتىدىكى بۇ ئالاھىدىلىككە نىسبەتەن توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش لازىم. (بولۇپمۇ تەرجىمانىمىز ئىش قىلالمايدىغان، تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەيدىغان رەھبەر يولداشلار بۇ ئالاھىدە خۇسۇسىيەت توغرىسىدا توغرىراق چۈشەنچىگە كېلىش توغرىسىدا ئويلىنىپ كۆرۈشلىرى كېرەك) ئەمدى تار مەنىدىن ئالغاندا يەنى تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىكى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، تەرجىمىنىڭمۇ ئۆزىگە خاسراق، تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇشى كېرەك، بۇ ئوبيېكت قايسى؟ تەرجىمە پائالىيىتى ئۆزىنىڭ تەۋەلىكى جەھەتتىن ئالغاندا، تىلشۇناسلىق كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۇنىڭ ئۇمۇمى تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇشى كېرەك. لېكىن تەرجىمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئالغاندا، تەرجىمە بىرلا مىللەتنىڭ تىلى بىلەن ئالاقىدار ئىش بولماستىن، بەلكى تەرجىمە ۋە تەرجىمە قىلىنغۇچى ئىككى خىل تىل بىلەن باغلىنىدىغان بىر خىزمەت. مېنىڭ قارىشىمچە، تەرجىمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى خۇددى ئەنە شۇ يەردە. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، ھەممىدىن بۇرۇن، مۇشۇ ئالاھىدىلىك بولۇشى لازىم. يولداش ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ «زىددىيەت توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: "ھەر قانداق ھەركەت شەكلى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە زىددىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، بۇ ئالاھىدە زىددىيەتلەر بىر شەيئىنى باشقا شەيئىلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە ماھىيەتنى تەشكىل قىلىدۇ." («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 1 - توم، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 552 - بەت) ماۋجۇشىنىڭ بۇ ھوكۇمىنى، مېنىڭچە، تەرجىمە خىزمىتىگىمۇ تەدبىق قىلىش پۈتۈنلەي مۇمكىن. ئۇنداقتا، تەرجىمىنىڭ ئۆزىگە خاسراق بولغان ئالاھىدە زىددىيەت نىمە؟ بۇ ئالاھىدە زىددىيەت: ئىككى خىل تىلنىڭ ئۆزلىرىگە خاس بولغان ئىچكى قانۇنىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوبيېكتىپ پەرقلەردىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، ھەممىدىن بۇرۇن، مۇشۇ پەرقلەرنى

ئۈچىنچى، ئۇ پەرقلەرنى سېلىشتۇرۇش، تەھلىل قىلىش ۋە شۇ ئاساستا تەرجىمىنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە قانۇنىيەتلىرىنى كەشىپ قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

ئىككى خىل تىلنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى سېلىشتۇرمىسىدا لۇغەتچىلىك تەتقىقاتى ئەمەلىي رول ئوينايدۇ. چۈنكى لۇغەتچىلىك تىلشۇناسلىق بىلەن چەمبەر-چەس باغلانغان بىر پەن. ئۇنىڭدا تىلنى ئۇنىڭ ئىچكى ھوجەيرىلىرىگىچە تەپسىلىي تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئىككى تىللىق لۇغەتلەردە سۆزلەرنىڭ ئىنچىكە مەنا پەرقلىرىنى كۆرىمىز. بۇ مەنا پەرقلىرى ئەينەن تەرجىمە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن: خەنزۇچە «走» بىلەن ئۇيغۇرچە «ماڭماق» سۆزىنى سېلىشتۇرساق، تۆۋەندىكىچە مەنا پەرقلىرىنى كۆرىمىز:

走: ① ماڭماق، يۈرمەك، كەتمەك

他刚走了 (ماڭدى) ئۇ ھېلىلا كەتتى

② يوقلىماق، ھال-ئەھۋال سورىماق

走亲戚 تۇققان يوقلىماق

③ ئۆتكۈزۈش

这笔钱可以不走帐了

بۇ پۇل ھېساۋاتتىن ئۆتكۈزۈلمىسىمۇ بولىدۇ.

④ چىقىپ كەتمەك

球走气了

توپنىڭ يېلى چىقىپ كەتتى.

⑤ ئۆزگەرتمەك

茶叶走味了

چاينىڭ تەمى ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.

⑥ چىقىش كىلىش (دىن، تىن)

咱们走这个门出去吧

بىز بۇ ئىشىكتىن (ئىشىك بىلەن) چىقىپ كېتەيلى.

ئەمدى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ماڭماق» نى ئالايلى: ماڭماق:

①走、行

走路 يول ماڭماق

步行走 پىيادە ماڭماق

② ئىش ماڭمايۋاتىدۇ

工作开展不了。

③ ۋاسىتىچى، ئەلچى

ئەگەر شۇ قىزغا ئۆيلەنسەڭ ئوتتۇرىدا مەن ماڭاي.

你如果要同那个姑娘结婚，我替你活动活动。

④ ...

ئۇ تۇنۇگۈن ئۇ دۇنياغا ماڭدى (بەپەرقىلدى)

他早天去世了。

دېمەك، 《走》 بىلەن «ماڭماق» پېئىللىرى مەنىلىرىنىڭ ئاز-كۆپلىكى، مەنا خىللىرى جەھەتلەردە بىر-بىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. تەرجىمىدە مۇشۇ پەرقلەر، ئەلۋەتتە، ئېتىبارغا ئېلىنىشى كېرەك.

تەرجىمە تەتقىقاتىنى لۇغەتچىلىك تەتقىقاتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئومۇمەن ئېيتقاندا، تەرجىمە تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. قىسقىسى، تەرجىمە تەتقىقاتى ئۆتكەندە ناھايىتى ئاجىز — بىچارە ھالقا ئىدى. بۇ، بىز تەرجىمانلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر بوشلۇق، ئەمدى بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشىمىز كېرەك.

# تەرجىمىدىكى تۈپ مەسىلە — تىل مەسىلىسى

ئېلى ئابىت

تەرجىمانلار ۋە تەرجىمە ئىشىدىن خەۋىرى بار بەزى كىشىلەر ئايرىم جۈملىلەرنىڭ تەرجىمىسىنى كۆرگەندە، تۈرلۈك مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزۈپ، خىلمۇ-خىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەسىلەن:

①和轻敌者相反，人们太看重了敌人，太看轻了自己，……

"دۈشمەننى سەل چاغلىغۇچىلارنىڭ ئەكسىچە، بەزى كىشىلەر دۈشمەننى بەك يۇقىرى چاغلاپ، ئۆزلىرىنى بەك سەل چاغلىدى، …"

(«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 1-توم، 347-بەت)

②优势是在我们方面，不是在敌人方面。

"ئۈستۈنلۈك دۈشمەن تەرەپتە ئەمەس، بىز تەرەپتە."

(شۇ كىتاپ 2177-بەت)

③民族资产阶级是一个复杂的问题。

"مىللىي بورژۇئازىيە مەسىلىسى مۇرەككەپ بىر مەسىلە."

(شۇ كىتاپ 251-بەت)

يۇقىرىدىكى جۈملىلەرنىڭ تەرجىمىسىنى كۆرگەندە، بەزىلەر سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئېنىق چىقمىغان، بەزى سۆزلەر باشقىچە قىلىپ قويۇلغان دېسە، بەزىلەر جۈملىنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن، ئۆز پېتى ئېلىنمىسا بولاتتى دەيدۇ، يەنە بەزىلەر يوق سۆزلەر قوشۇپ قويۇلغان دەيدۇ. مېنىڭچە، بۇ جۈملىلەرنىڭ تەرجىمىسى ياخشى چىققان، تەرجىمىدە ئىككى تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى ئوبدان گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

(1) جۈملىنىڭ تەركىۋى بۆلەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىلىرى، ئېنىق ئاجرىتىلىپ، جۈملە ناھايىتى ئوبدان تەرجىمە قىلىنغان، دىققەت قىلماي خەتمۇ-خەت تەرجىمە قىلىنسا، مەزمۇنىدا چوڭ خاتالىق پەيدا قىلىدىغان "人们" سۆزى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن توغرا بىر تەرەپ قىلىنغان. "人们" سۆزىنىڭ لېكسىكا مەنىسى "كىشىلەر"، "ئادەملەر" بولۇپ، لېكسىكىلىق مەنىسىدىن ئالغاندا، باشقىچە چۈشەندۈرۈشكە بولمايدۇ، بۇ سۆزنىڭ ئۆزىدىن "بەزىلەر" ياكى "بەزى كىشىلەر" دېگەن مەنىنى چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق بولسا، بۇ جۈملىدىكى "人们" سۆزى نېمىشقا "بەزى كىشىلەر" دەپ تەرجىمە قىلىندى؟ جۈملىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى — ئىگىسى ھېساپلانغان "人们" نىڭ دۈشمەننى بەك يۇقىرى چاغلاپ، ئۆزىنى بەك سەل چاغلىغانلىقى جۈملىنىڭ سېلىشتۇرما ھالىتى ھېساپلانغان.

和轻敌者相反

"دۈشمەننى سەل چاغلىغۇچىلارنىڭ ئەكسىچە" گە نىسبەتەن ئېيتىلغان. ھەممىگە مەلۇمكى، بىرەر ئورۇن ياكى بىرەر دائىرىدە مەلۇم بىر خاھىشنىڭ ھەممە ئا-

دەمدە تەڭ پەيدا بولىشى ناتايىن. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، "دۈشمەننى سەل چاغلاش" كەيپىياتىنىڭ ھەممە ئادەمدە ئوخشاش بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ پەقەت بىر قىسىم ئادەملەردە بولىدىغان ئىش. "دۈشمەننى سەل چاغلىغۇچىلار" ئۇقۇم جەھەتتە بىر قىسىم ئادەملەر بولىدىكەن، ئۇنىڭغا نىسبەتلەشتۈرۈپ ئېيتىلغان "人们" نىڭ ئومۇمى چۈشەنچىدىكى "كىشىلەر" بولىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر مۇشۇ جۈملىدىكى "人们" سوزى ئوزىنىڭ لېكسىكا مەنىسى بويىچە "كىشىلەر" دىگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرگەن بولسا ئىدى، جۈملىنى ھازىرقىدىن باشقىچەرەك قىلىپ، "كىشىلەر، دۈشمەننى سەل چاغلىغۇچىلارنىڭ ئەكسىچە، دۈشمەننى بەك يۇقۇرى چاغلاپ، ئوزلىرىنى بەك سەل چاغلىدى" دەپ تەرجىمە قىلىشقىمۇ بولاتتى. مۇشۇنداق ئىنچىكە مەنا پەرقلىرى بولغانلىقتىن، بۇ جۈملىدىكى "人们"سوزىنى "كىشىلەر" دەپ تەرجىمە قىلماي، "بەزى كىشىلەر" دەپ تەرجىمە قىلىش مەنانى مۇجمەللەشتۈرمەيلا قالماستىن، بەلكى مەناغا ئېنىقلىق بېرىپ، پۈتۈن جۈملىنى خاتا ئۇقۇم پەيدا قىلىپ، قويۇشتىن ساقلاپ قالغان.

(2) خەنزۇچە جۈملىدە، قەيت قىلىنغۇچى جۈملىنىڭ بىرىنچى بولىكىدە ئېيتىلغان بولۇپ، ئىنكار قىلىنغۇچى ئاخىرقى بولۇكىدە ئېيتىلغان. خەنزۇچە جۈملىنىڭ تەرتىۋى بويىچە ئېيتقاندا، جۈملىنىڭ تەكىتلەنگۈچىسى جۈملىنىڭ بىرىنچى بولىكى، يەنى "بىز تەرەپتە" دىگەن بولەك، ئەگەر بۇ جۈملىنىڭ تەرتىۋىنى بۇزۇپ، «"优势不是在我们方面，是在敌人方面"» دەپ ئېيتىدىغان بولساق، جۈملىنىڭ تەكىتلەنگۈچىسى جۈملىنىڭ بىرىنچى بولىكىدىن ئىككىنچى بولىكىگە كوچكەن بولىدۇ. خەنزۇچە جۈملىدە "是" بىلەن "不是" نىڭ ئورنى ئالماشسا، بۇنىڭغا ماس ھالدا تەكىتلەنگۈچىنىڭ ئورنىمۇ يوتكىلىپ بارىدۇ. بۇ جۈملىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى خەنزۇچىسىنىڭ شەكلىگە ئاساسەن، شۇ تەرتىپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىدىغان بولساق، مەنا مۇجمەللىشىپ، مەزمۇنىنىڭ دۇرۇسلىقىغا تەسىر يېتىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدا قەيت قىلىنغۇچى، ئومۇمەن، ئىنكار قىلىنغۇچىدىن كېيىن كېلىدۇ.

مەسىلەن:

بۇ دەپتەر سېنىڭ ئەمەس، مېنىڭ،
سېنى ئىزدىگەن مەن ئەمەس، ئۇ.
بۇ نەتىجە بىزگە ئەمەس، كوپچىلىككە مەنسۇپ.
......

ئەگەردە مۇشۇ جۈملىلەردىكى "ئەمەس" نىڭ ئورنى يوتكىلىپ، جۈملىنىڭ بىرىنچى بولىكىدىن ئىككىنچى بولىكىگە كېلىدىغان بولسا، جۈملىدە ئاڭلىتىلغان مەنادىمۇ ئوزگۈرۈش بولۇپ، جۈملىدىكى تەكىتلەش تەلەپپۇزى جۈملىنىڭ بىرىنچى بولىكىدىن يوتكىلىپ، ئىككىنچى بولىكىگە چۈشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇجۈملىنى

"ئۈستۈنلۈك بىز تەرەپتە، دۈشمەن تەرەپتە ئەمەس" دەپ تەرجىمە قىلماي، "ئۈستۈنلۈك دۈشمەن تەرەپتە ئەمەس، بىز تەرەپتە" دەپ تەرجىمە قىلغىنى توزۇك.

(3) جۈملىنى ئالساق، بۇنىڭ تەرجىمىسىنى كورۇپ بەزىلەر، يۇقىرىدىن "مەسىلە" سوزى قوشۇلۇپ قاپتۇ، "مەسىلە" سوزىنى قوشماي، خەنزۇچىنىڭ ئوزى بويىچە تەرجىمە قىلىنسىمۇ بولىۋېرەتتى، "مەسىلە" سوزىنى قوشۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى دېيىشىدۇ. راستتىن بىلەن تەرجىمە قىلغاندا، جۈملىدە يوق سوزلەرنى قوشۇپ، جۈملە بولەكلىرىنى ئاۋۇتۇش جۈملىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، چۈشەنچىدە قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، جۈملىنى ئېغىرلاشتۇرىدىغان سوزلەرنى قوشۇشتىن ساقلىنىپ، جۈملىنى ئىمكان قەدەر ئىخچام ۋە يەڭگىل ئېلىپ، مەنانىڭ ئېنىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بىراق، تەرجىمىدە سوزلەرنى ئوز جايىدا ئىشلىتىشكە، جۈملە بولەكلىرىنىڭ ئوز ئارا ماسلىشىشىغا ئېتىبار قىلماسلىقىمۇ بولمايدۇ. (3) مىسالدا كورسىتىلگەن جۈملە خەنزۇچىدىكى كېسىم خەۋەرلىك جۈملە بولۇپ، جۈملىنىڭ ئىگىسى "民族资产阶级" خەۋىرى "是……问题" بۇ جۈملىدە „是" سوزى ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. بۇنداق جۈملىدە، ئومۇمەن، خەۋەر ئىگىنىڭ قايسى تۈرگە كىرىدىغانلىقى، قانداق خاراكتېردا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئىگە بىلەن خەۋەر ئوتتۇرىسىدا جەزمەن لوگىكا جەھەتتىكى ماسلىق بولۇشى كېرەك. مۇشۇ تەلەپ بويىچە ئېيتقاندا، "民族资产阶级" بىلەن "问题" ئوتتۇرىسىدا مۇنداق ماسلىق يوق. چۈنكى "问题" سوزى (يەنى جۈملىنىڭ خەۋىرى) "民族资产阶级" دېگەن ئىگىنىڭ خاراكتېرىنى ياكى ئۇنىڭ قايسى تۈرگە كىرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. جۈملە تۈزۈش قانۇنىيىتى بويىچە بولغاندا، توغرا جۈملە "民族资产阶级的问题是一个复杂的问题" بولۇشى كېرەك. ئەمما خەنزۇ تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە، جۈملىنىڭ ئىگە، خەۋەر قىسمىنى باغلاپ تۇرغان "是" سوزى بولغانلىقتىن، جۈملىنىڭ ئىگە قىسمىدىكى "问题" چۈشۈپ قالسىمۇ، مەنادا چوڭ ئوزگىرىش بولمايدۇ، يەنىلا "民族资产阶级的问题" دېگەن ئۇقۇم ئاڭلىنىۋېرىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا مۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، جۈملىنىڭ ئىگە قىسمىدىكى "مەسىلە" سوزىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، "مىللىي بۇرژۇئازىيە مۇرەككەپ مەسىلە" دېيىلىدىغان بولسا، "مىللىي بۇرژۇئازىيە" بىلەن "مەسىلە" ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق لوگىكىلىق باغلىنىش بولمايدۇ — دە، ئۇقۇم مۇجمەللىشىدۇ. شۇڭا، بۇ جۈملىنى تەرجىمە قىلغاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە "مىللىي بۇرژۇئازىيە" نىڭ ئاخىرىغا "مەسىلە» دېگەن سوزنى قوشۇپ «مىللىي بۇرژۇئازىيە مەسىلىسى مۇرەككەپ مەسىلە" دەپ تەرجىمە قىلىش مۇۋاپىق. بۇنىڭدا ئىككى تىل-

نىڭ ئالاھىدىلىكى ئېتىبارغا ئېلىنغان.
يۇقۇرىدىكى 3 مىسالدا مەزمۇن، شە-
كىل، ئۇسلۇپ مەسىلىسى بىر تەرەپ قى-
لىنغان. بۇ مەسىلە تەرجىمانلار دائىم
ئۇچراپ تۇرىدىغان، ئەمەلى تەرجىمىگە
كىرىشكەندە، ھەل قىلماي بولمايدىغان مە-
سىلە.

تەرجىمىدە مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇپ
بىر-بىرى بىلەن زىچ باغلانغان، ئۇلارنى
بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. مەز-
مۇن شەكىلنى بەلگىلەيدۇ، شەكىل مەز-
مۇنغا تەسىر كورسىتىدۇ، ئۇسلۇپ مەزمۇن
بىلەن مۇشۇ مەزمۇننى ئىپادىلىگەن شە-
كىلنىڭ بىرلىكى بولۇپ، مەزمۇنغا قاراپ
بەلگىلىنىدۇ، تىل بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ.
قىسقىسى، بۇ ئۈچى تىلدىن ئايرىلغان
ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تورالمايدۇ. دېمەك،
تەرجىمىدىكى توپ مەسىلە تىل مەسىلىسى.
تىل تەرجىمىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوي-
نايدۇ، ئۇ تەرجىمانلارنىڭ قورالى.

تىل ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىش قو-
رالى، ئىنسانلار تىل ئارقىلىق بىر بىرى
بىلەن ئالاقىلىشىدۇ، ئوز ئارا پىكىر ئال-
ماشتۇرىدۇ، بىر-بىرىنى چۈشىنىدۇ. بىراق،
بۇ پەقەت بىر تىلدا سوزلىشىدىغان مىل-
لەتلەرگە، ياكى بىرلا تىلدا سوزلىشىدى-
غان خەلقلەرگە قارىتىلغان. دۇنيادىكى
مىللەتلەر بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان
2500 خىلدىن كوپرەك تىلدا سوزلىشىدۇ.
بۇ تىللار ئون نەچچە تىل سېستىمىسىغا،
بىر مۇنچە تىل گۇرۇپپىسى ۋە تىل تار-
ماقلىرىغا بولىنىدۇ. دېيالېكتىپ پەرقى چوڭ-
راق بولغان تىللاردىكى دىيالېكتىلارنى
قوشقاندا، ئوخشىمايدىغان تىللارنىڭ سانى
تېخىمۇ كوپىيىدۇ. بىر-بىرىگە ئوخشىماي-
دىغان مۇشۇنداق مۇرەككەپ تىل شارائى-
تىدا ياشىغۇچى خەلقلەر ئۈچۈن، ئوز ئا-
را پىكىر ئالماشتۇرۇش، مەدىنىيەت ئال-
ماشتۇرۇش، بىر-بىرى بىلەن باردى-
كەلدى قىلىش زورۇرىيىتى تۇغۇلغانلىقتىن،
مۇشۇ زورۇرىيەتكە ئاساسەن، ئىنسانلارنىڭ
ئالاقە قورالى ھېساپلانغان تىلغا يانتاياق
بولغان ھالدا ئوخشىمىغان تىللار ئارىسى-
دا ۋاستىلىق رول ئوينىغۇچى تەرجىمە
بارلىققا كەلگەن. ئىنسانلار يارىلىپ، جە-
مىيەت پەيدا بولىشى بىلەن تەڭ پەيدا
بولغان تىل زورۇرىيەتنىڭ مەھسۇلى. تىل
تەرەققىياتىدىكى ئۇرۇقداشلار تىلى، قەبىلىلەر
تىلى ۋە مىللەتلەر تىلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ
ئۇرۇق، شۇ قەبىلە، شۇ مىللەت خەلقلىرى-
نىڭ ئوز ئارا ئالاقىلىشىش، پىكىر ئال-
ماشتۇرۇش، بىر-بىرىنى چۈشىنىش ئېھتىيا-
جىغا ئاساسەن، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش
قامداش يولىدىكى ئەمگەكلىرى، تەبىئەت
بىلەن بولغان كۈرەشلىرى جەريانىدا
مەيدانغا كەلگەن. تىل بىر خىل ئىجى-
تىمائى ھادىسە، ئۇ جەمىيەت ئەزالىرى-
نىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئورتاق. تىل جە-
مىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ پەي-
دا بولغان، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ۋە
ھالاكىتىمۇ جەمىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە
ھالاكىتىگە باغلىق. جەمىيەت شەكىللىنىش
بىلەن تەڭ تىل پەيدا بولغان، تىل
بولغانلىقى ئۈچۈن، جەمىيەت مەۋجۇت بو-

لۇپ تۇرىدۇ، ئەگەردە جەمئىيەتنىڭ ھەمە-
مە ئەزالىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان تىل
بولمىسا، جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى
توختايدۇ، جەمئىيەتمۇ مەۋجۇت بولۇپ
تۇرالمايدۇ.

تەرجىمىمۇ زورۇرىيەتنىڭ مەھسۇلى،
ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى تىلدىن كېيىن.
ئوخشىمىغان تىللاردا سوزلىشىدىغان ئۇرۇق-
لار، قەبىلىلەر ۋە مىللەتلەردە ئوز ئارا
باردى-كەلدى ئىشلىرى پەيدا بولۇپ،
بىر-بىرى بىلەن پىكىر ۋە مەدەنىيەت
ئالماشتۇرۇش، ئوز ئارا چۈشۈنچە ھاسىل
قىلىش زورۇرىيىتى تۇغۇلىدۇ — دە، نە-
تىجىدە تەرجىمە مەيدانىغا كېلىدۇ. تەر-
جىمىنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە تەرەققىياتى تىل-
نىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە تەرەققىياتىغا باغلىق.
دۇنيادا ئوخشىمىغان تىللار مەۋجۇت بو-
لۇپ تۇرىدىكەن، چەزمەن تەرجىمە مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىدۇ، بەلكى تىلنىڭ تەرەققى
قىلىشىغا ئەگىشىپ، تەرەققى قىلىپ بارى-
دۇ. جەمئىيەت ئۈچۈن تىل قانچە زورۇر
بولسا، ھازىرقى شارائىتتا، تەرجىمىنىڭ
زورۇرىيىتىمۇ شۇ قەدەر بولمايدۇ.
تىل بولمىسا، جەمئىيەت مەۋجۇت بولۇپ
تۇرالمايدۇ، دىگەن نۇقتىدىن قارىغاندا،
ھازىرقى شارائىتتا، تەرجىمە بولمايدىغان
بولسا، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق كۈللىنىشى
ۋە راۋاجلىنىشىدىن ئېغىز ئاچقىلىمۇ بول-
مايدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ "تەرجىمان
يولداشلارنى كوزگە ئىلماسلىققا بولمايدۇ،
تەرجىمانلار بولمىغان بولسا، كوممۇنىستىك
پارتىيىمۇ بولمايتتى" دىگەن سوزى بۇ-
داۋلىنى تېخىمۇ تولۇق چۈشەندۈرۈپ
بېرىدۇ.

تەرجىمە بىر خىل تىل پائالىيىتى،
ئۇ كىشىلەرنىڭ ئوز ئارا ئالاقىلىشىش
ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىدۇ، ئىككى تىل-
نى بىر-بىرىگە ئاغدۇرۇش ئارقىلىق،
ئوز ئارا ئالاقىلىشىش، پىكىر ئالماشتۇ-
رۇشنىڭ ھوددىسىدىن چىقىدۇ، شۇڭا، تەر-
جىمە تىل سەنئىتى بولۇپ، باشتىن-ئا-
خىر تىل بىلەن ھەپىلىشىدۇ. پىكىر ئال-
ماشتۇرۇش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش
تىلدىن ئايرىلمىغانغا ئوخشاش، تەرجىمە
دىنمۇ ئايرىلمايدۇ. تەرجىمە ئوخشىمىغان
تىللاردا سوزلىشىدىغان مىللەت خەلقلىرىنىڭ
بىر-بىرىنى چۈشىنىشىدىكى مۇھىم ئالاقە
ۋاستىسى، بۇ ۋاستە، ھەر قانداق ئەھ-
ۋالدا، تىل خاراكتىرىنى ئالغان بولىدۇ،
تىلنىڭ تەرجىمىدىكى رولى تىلنىڭ ئىجـ
تىمائى تۇرمۇشتا ئوينىغان رولى بىلەن
باراۋەر. ستالىن مۇنداق دەيدۇ: "كىشى-
لەرنىڭ ئىدىيىسىدە مەيلى قانداق بىر
ئىدىيە پەيدا بولسۇن، ۋە بۇ ئىدىيە
قاچان پەيدا بولسۇن، ئۇ تىل ماتېرى-
يالى ئاساسىدا، تىلدىكى ئاتالغۇلار ۋە
سوزلەر ئاساسىدا پەيدا بولىدۇ ۋە مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرالايدۇ." خۇددى مۇشۇ-
نىڭغا ئوخشاش، تەرجىمە ئارقىلىق ئىپادە
قىلىنغان بارلىق ئوي-پىكىر ۋە
ئىدىيىلەرمۇ تىل ماتېرىيالى ئاساسىدا ئىپادە
قىلىنىدۇ. تىل — تەرجىمە جەريانىدىكى
ھەل قىلغۇچ ئامىل، تەرجىمىنىڭ پۈتكۈل
جەريانى تىل بىلەن مۇناسىۋەتلىشىش جەر-

يانى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

تۆۋەندە تىلنىڭ تەرجىمىدىكى رولىنى تەرجىمە جەريانى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز:

تەرجىمە ئەسلى ئەسەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەكرار ئىجادىيەت ھېساپلىنىدۇ، بەزى ھاللاردا ھەتتا ئىجادىيەتتىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ. شۇڭا، تەرجىمە ئىشى مۇرەككەپ جەريانلاردىن ئۆتىدۇ. ئادەتتە، تەرجىمە ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش، چۈشىنىش، ئىپادىلەش، سىلىقتۇرۇش قاتارلىق جەريانلارنىڭ بولۇشى كېرەك. ئەمما پۈتكۈل جەريان ئىچىدە چۈشىنىش بىلەن ئىپادىلەش ھالقىلىق جەريان بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ھەر قانداق تەرجىمە جەريانى بۇ ئىككى ئىشتىن خالى بولالمايدۇ. تەرجىمانلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يەنى تەرجىمە قىلغۇچى ۋە تەرجىمە قىلىنغۇچى تىل تەرجىمانغا نىسبەتەن، بىرى ئۆزىنىڭ ئانا تىلى، يەنە بىرى يات تىل بولغانلىقى ئۈچۈن، چۈشىنىش بىلەن ئىپادىلەشنىڭ قىيىنلىق نۇقتىسى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش بىلەن ئۇيغۇرچىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشنى ئالساق، بۇلارنىڭ تەرجىمە جەريانى ئاساسەن ئوخشاش، ئەمما تەرجىمە قىلىش جەريانىدا تەرجىماننىڭ يولۇققان قىيىنچىلىقى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ ئوخشىماسلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئاساسىي رول ئويناۋاتقان نەرسە يەنىلا تىل. ئۆزگە تىلنى ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا (مەيلى يېزىق تەرجىمىسى بولسۇن، ياكى ئېغىز تەرجىمىسى بولسۇن)، ئەسلى ئەسەرنىڭ (ياكى نۇتۇقنىڭ) مەزمۇنىنى چۈشىنىش ئاساسىي قىيىنچىلىق ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، تەرجىمان چۈشەنمەكچى بولغان مەزمۇن ئۇنىڭغا يات بولغان باشقا بىر خىل تىل شەكلى ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. تەرجىماننىڭ ئۆزگە تىلدا ئىپادىلەنگەن مۇرەككەپ ئوي - پىكىرنى ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى چۈشەنگەندەك چۈشىنىپ كېتىشى ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ھەر قانداق كاتتا تەرجىمان، ھەتتا تەرجىمە قىلىنىدىغان تىلنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئانا تىلى ھېساپلايدىغان تەرجىمان بولنان تەغدىردىمۇ، ئۇنىڭ بۇ تىلنى چۈشىنىشى ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى چۈشىنىشىگە يەتمەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ تەرجىمە قىلىدىغان تىلى ئۆزىنىڭ ئانا تىلى بولغانلىقتىن، ئۇنى ئۆز ئانا تىلى بىلەن ئىپادىلەش ئۇنىڭغا ئۇنچە قىيىن چۈشمەيدۇ. ئۆز تىلىنى ئىككىنچى بىر تىلغا تەرجىمە قىلىشقا كەلسەك، ئەسلى ئەسەرنىڭ (ياكى نۇتۇقنىڭ) مەزمۇنىنى ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىپادىلەش ئاساسىي قىيىنچىلىق ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، تەرجىمان بۇنىڭدا ئەسەردە ئىپادىلەنگەن مۇرەككەپ ئوي - پىكىرنى ئۆزى ئىشلىتىپ ئۆگەنگەن تىل ئادىتى ۋە گىراماتىكىلىق پورمىلاردىن چەتلىگەن ھالدا، ئىككىنچى تىلنىڭ تىل ئادىتى ۋە گىراماتىكىلىق "سورمىسى" بويىچە ئىپادىلىشى كېرەك بولىدۇ. تەرجىمان ھەر قانچە ئۇستا بولغىنى بىلەن،

بىر تىلنىڭ گىرامماتىكا قۇرۇلۇشى، ئۇنىڭ-
دىكى فونېتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق ھادىسى-
لەر ئىككىنچى تىلدىن پەرىق قىلىدىغان
بولغانلىغى ئۈچۈن، ئۇ تەرجىماننىڭ ئۆزگە
تىلنى ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك ئىپادىلەپ
بېرەلىشى ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ھازىر تەر-
جىمىدە يۈز بېرىۋاتقان چوڭ - كىچىك
مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى چۈشىنىش ۋە
ئىپادىلەشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى جە-
ھەتتە كورۇلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، «ماۋزېدۇڭ
تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ 5 - توم خەنز-
ۇچە نەشرى 205 - بېتىدە مۇنداق
بىر جۈملە بار.

“因为我们现在拖拉机很少，牛是个宝贝，是农业生产的主要工具。”

بەشىنچى تومنىڭ تەرجىمىسىدە "牛"
سۆزى "كالا" دەپ تەرجىمە قىلىنغان.
لېكىن بەزى يولداشلار مۇنداق تەرجىمە
قىلىش توغرا ئەمەس، دائىرىسى بەك تار
بولۇپ قالغان، يېزا ئىگىلىك ئەمگىكىگە
قاتنىشىۋاتقان باشقا ئۇلاقلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالمىغان، شۇڭا بۇنى "ئات - ئۇلاق"
دەپ تەرجىمە قىلغىنىمىز تۈزۈك، دەيدۇ.
مېنىڭچە، "牛" سۆزىنىڭ مۇشۇ جۈملىدە
"كالا" دەپ تەرجىمە قىلىنغىنى دۇرۇس.
مۇنداق دېگەنلىكىم "牛" سۆزىنىڭ لۇ-
غەت مەنىسىگە ئۇلۇك ھالدا ئېسىلىۋالغان-
لىغىم ئەمەس، بۇنىڭدا ناھايىتى چوڭ چۈ-
شەنچە مەسىلىسى بار. "牛" سۆزى جۈ-
ملىنىڭ ئىگىسى، قالغان سۆزلەرنىڭ ھەم-
مىسى ئىگىگە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان
تەركىبلەر بولۇپ، ئۇمۇمى جۈملىدە ئىگە-
نىڭ — "牛" نىڭ رولى گەۋدىلەندۈرۈل-
گەن. جۈملىدىكى “因为我们现在拖
拉机很少” دېگەن ھالەت تىراك-
تۇرنىڭ قىسقىلىغىنى سەۋەپ قىلىپ كورۇ-
سىتىپ، كالىنىڭ ھازىر يېزىدىكى رولىنى
تىراكتۇرغا تەڭلەشتۈرىدۇ، "牛" دىن
كېيىنكى "是个宝贝"، "是……"
"主要工具" دېگەنلەر كالىنىڭ
ئەتىۋارلىغى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچى-
قىرىشتىكى رولىنى تەكىتلەپ كورسىتىدۇ.
ئۇنىڭدىن قالسا، بۇ يەردىكى "牛" سۆزى
دىخانچىلىقنىڭ يەر ھەيدەش، سورەم
سېلىش قاتارلىق ئەمگەكلىرىگە بىۋاستە
قاتنىشىدىغان تېرىلغۇ كالىلىرىغا قارىتىلغان.
شۇنىڭ ئۈچۈن "牛" سۆزىنى "كالا"
دەپ ئېلىش مۇۋاپىق. "ئات - ئۇلاق"
دەپ ئالغاندا، ئەسلى مەنىسى يىراقلاپ
كېتىپ، چۈشەنچە ئېنىق بولماي قالىدۇ.

يەنە مەسىلەن، ئەگەر يولداشلار دىق-
قەت بىلەن كورۇدىغان، زەڭ قويۇپ ئاڭ-
لايدىغان بولسا، گېزىت، رادىئولاردا تە-
شۋىق قىلىنىۋاتقان تەرجىمە خەۋەرلىرىدە
" × × × توخوفېرمىسى 1 - يەسلىدە
× × تونىنا توخۇم ئىشلەپچىقاردى "
" × × دادۇيى × × مىڭ جىڭ
ئالما ئىشلەپچىقاردى" ، " × ×
شىياۋدۈي × × مويەرگە قوغۇن تېرىپ،
× مىڭ دانىسە قوغۇن ئىشلەپچىقاردى ÷
......" دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى كورۇ-
دۇ ۋە ئاڭلايدۇ. خەنزۇچىدىكى "生产"
" سۆزىنى ئۇيغۇر تىلىغا "ئىشلەپچى-
قىرىش" دەپ تەرجىمە قىلغاندا، چۈشەن-

چەندە ھېچقانداق خاتالىق بولمايدۇ. چۈنكى، خەنزۇچىدىكى "生产" سۆزى بولسۇن، ياكى ئۇيغۇرتىلىدىكى "ئىشلەپچىقىرىش" سۆزى بولسۇن، ھەر ئىككىسىنىڭ لۇغەت مەنىسى بىر. يەنى كىشىلەرنىڭ ئەمگەك قوراللىرى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ياساپ چىقارالىغىنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، چۈشەنچىدە خاتالىق يوق، بۇ بىر تەرىپى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئىشلەپچىقىرىش" سۆزىنىڭ مەنىسى خەنزۇ تىلىدىكى "生产" سۆزىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاش ناھايىتى كەڭ. سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىدىكى ماشىنا بىلەن ھەم ئادەملەرنىڭ قول ئەمگىكى بىلەن قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى "ئىشلەپچىقىرىش" دېيىشكە، ئىشلىنىپ چىققان نەرسىلەرنى "ئىشلەپچىقىرىلغان نەرسە" دېيىشكە بولىدۇ. مۇشۇنداق كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، "XX دادۇي بۇيىل XX مىڭ دەن پاختا ئىشلەپچىقاردى"، "XX شىياۋدۇينىڭ بۇيىلقى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ياخشى" دېيىلىدىغان بولسا، ئىپادىلەش جەھەتتىمۇ ھېچقانداق مەسىلە بولمايدۇ. ئەمما بىر ئازلا كونكرېتلاشتۇرۇپ، "XX مو يەرگە كېۋەز تېرىپ، XXX دەن چىگىتلىك پاختا ئىشلەپچىقاردى"، "XX مو يەرگە كۆزگى بۇغداي تېرىپ، XX مىڭ جىڭ بۇغداي ئىشلەپچىقاردى" دېيىدىغان بولساق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئادىتىگە تازا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، "بۇغداي"، "كېۋەز"، "قوغۇن"، "تۇخۇم"، "ئالما" قاتارلىقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى باشقا نەرسىلەرنىڭ ماشىنا ياكى باشقا ئەمگەك سايمانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىلغان نەرسىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىدىن پەرق قىلىدۇ، بۇنىڭدا خام ماتېرىيالنى پىششىقلاپ ئىشلەش خاراكتېرى يوق. شۇڭا بۇيەردىكى "生产" سۆزىنى "ئىشلەپچىقىرىش" دەپ تەرجىمە قىلغاندىن كۆرە، "ئالدى" سۆزى بىلەن ئىپادىلىگەن تۈزۈك. مۇنداق قىلىش پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئادىتى بويىچە ئىش قىلغانلىق بولىدۇ.

يەنە مۇنداق مىساللارمۇ بار:

"……，基本上完成对农业，对手工业和对资本主义工商业的社会主义改造，则不是三五年所能办到的，而需要几个五年计划的时间。”（《毛泽东选集》五卷100页）

بۇجۈملىدىكى "三、五年" سۆزى مۆلچەر سان بولۇپ، بۇنىڭدا قىسقا ۋاقىت مۆلچەرلەنگەن. خەنزۇ تىلىدىكى مۆلچەر سانلارنىڭ بىر خىل شەكلى، ئومۇمەن، كەينى-كەينىدىن كېلىدىغان ئىككى تۈپساننى قوشۇپ ئېيتىش يولى بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، "两、三个人" "七、八尺粮食" "四、五个同学" دېگەنلەرگە ئوخشاش. مۆلچەر ساننىڭ مۇشۇ شەكلىدىكى ياسىلىش ئۇسۇلى ئۇيغۇر تىلىدىكى مۆلچەر ساننىڭ مۇشۇ خىل شەكلىنىڭ ياسىلىشى بىلەن ئوخشاش بولغانلىقتىن، ئىپادىلەش جەھەتتىمۇ پەرق يوق، قانداق بولسا، شۇنداق ئىپادىلەش

كە بولىدۇ، باشقىچە ئىپادىلەشنىڭ ھاجىتى يوق ۋە ئۇنداق قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئەمدى يۇقۇرىدىكى مىسالدىكى "三、五年" گە كەلسەك، بۇ خەنزۇ جانلىق تىلىدا مۇشۇنداق قوللىنىش ئادىتى بولغانلىقتىن، ئىشلىتىش ئورنىغا قاراپ، ئەدەبى تىلدىمۇ شۇنداق قوللىنىلىدۇ. بىراق، ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق ئادەت يوق، توپ سانلار ئۇز قاتارى بويىچە تەكرارلانماي ئۇتتۇرىدا بىرەر سان ئاتلاپ كېتىلىدىغان بولسا، يەنى "3 - 5 ئادەم"، "4-6 يىل" دېيىلىدىغان بولسا، بۇنىڭدىن ھېچقانداق مەنا ئۇقۇلمايدۇ، مۇنداق سانلارنى مولچەر سان دەپ ئېتىراپ قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، يۇقۇرىدىكى جۈملىدىكى "三、五年" دىگەن مولچەر ساننى ئۇز پېتىچە ئالماي، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە ئېلىش كېرەك. مۇشۇ نوقتىدىن قارىغاندا، 5-تومنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقۇرىدىكى جۈملىدىكى "三、五年" سوزىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە "4 - 5 يىل"، ياكى "3 - 4 يىل"، دەپ تەرجىمە قىلماي، "3 يىلدىن 5 يىلغىچە"، دەپ تەرجىمە قىلىش، مېنىڭچە، توغرا ئەمەس. چۈنكى ئالدىنقىسى نوقۇل مولچەر سان بولۇپ، ۋاقىت جەزمەنلەشتۈرۈلمەي، مولچەر بىلەن ئېيتىلغان، لېكىن كېيىنكىسىدە 3 تىن 5 كىچە بولغان ئىككى سان ئارىلىغى جەزمەنلەشتۈرۈلگەن، بۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشكە، ياكى تۆۋەنلەپ كېتىشكە بولمايدۇ. شۇڭا بۇ يالغۇز ئىپادىلەش مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە چۈشەنچە مەسىلىسى.

يولداشلار يەنە يولداش خۇياۋباڭنىڭ پۈتۈن ئارمىيە سىياسى خىزمەت يىغىنىدا قىلغان سوزىدە مۇنداق بىر جۈملىنى كورگەن بولۇشى مۇمكىن:

"…，大同小，坐同走”台上同台下等，
都互为条件，没有一方，也没有另一方。”

ھوججەتنىڭ تەرجىمىسىدە بۇ جۈملىدىكى "坐同走" سوزى "ئولتۇرۇش بىلەن مېڭىش" دەپ ئېلىنغان. ئومۇمى جۈملىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، مېنىڭچە مۇنداق ئېلىش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، "ئولتۇرۇش" بىلەن "مېڭىش" بىر-بىرىنى شەرت قىلمايدۇ، بىرى بولمىسا، يەنە بىرىنىڭ مەۋجۇت بولالماسلىقىمۇ ناتايىن. بىر-بىرىنى شەرت قىلىدىغان تەرەپلەر "ئولتۇرۇش" بىلەن "مېڭىش" ئەمەس، بەلكى "ئولتۇرۇش" بىلەن "قوپۇش"، "مېڭىش" بىلەن "تۇرۇش". خەنزۇ تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە "坐" دىكى ھەركەتسىزلىك بىلەن "走" دىكى ھەركەتلىنىشكە قاراپ، بۇلارنى بىر ئىشنىڭ ئىككى تەرىپى قىلىپ كورسەتكەن. ئەمما ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە بۇلارنى بىر ئىشنىڭ ئىككى تەرىپى قىلىپ كورسىتىشكە بولمايدۇ، بۇلاردا مەنا جەھەتتە قارىمۇ-قارشىلىق يوق. شۇڭا، خەنزۇچە جۈملىدىكى "坐同走" نى "ئولتۇرۇش بىلەن مېڭىش" دەپ تەرجىمە قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە "ئولتۇرۇش بىلەن قوپۇش" ياكى "مېڭىش بىلەن تۇرۇش" دەپ تەر-

جىمە قىلىش كېرەك.

ئومۇمەن، تەرجىمىدە يۈز بېرىۋاتقان نۇقسانلار، تېگى تەكتىدىن ئالغاندا، چۈشىنىش بىلەن ئىپادىلەش مەسىلىسىدىن نېرى كەتمەيدۇ. چۈنكى، تەرجىمىنىڭ ئوبيېكتى بولغان ئەسلى ئەسەر ئىدىيە بىلەن تىلدىن ئىبارەت ئىككى نەرسىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان ئىدىيە ئاپتور تەرىپىدىن بايان قىلىنغان نەرسىلەرنى، يەنى ئەسەرنىڭ ئومۇمى مەزمۇنىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىپادە قىلىش شەكلى تىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر ئەسەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەسەردىكى مەزمۇن بىلەن شەكىل شۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى بىلەن مەزمۇنىنى كۆرسىتىدۇ. تەرجىمان بىر تىلدا مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكى ئاساسىدا ئىپادە قىلىنغان نەرسىنى ئىككىنچى بىر تىلدا توغرا ۋە تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىشى كېرەك. تەرجىمان شۇنى بىلىشى لازىمكى، تەرجىمىدە تەرجىماننىڭ ئىپادىلەيدىغىنى ئەسەرنىڭ (نۇتۇقنىڭ) تىلى ئەمەس، بەلكى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى. ماركس ئىدىيىۋى چۈشەنچىدىكى مۇجمەللىك تەرجىماننىڭ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى بۇرمىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. تەرجىمىدە تىلنى توغرا چۈشىنىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن قالسا، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئاساستا، ئەسەردە بايان قىلىنغان مەزمۇننى تىل ماتېرىياللىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، چۈشىنىشلىك ۋە راۋان قىلىپ ئىپادىلەش لازىم. سۆزلەرنى جاي - جايىدا ئىشلىتىپ، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى توغرا ئىپادىلىگەن تەرجىمە ياخشى چىققان تەرجىمە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چۈشىنىش بىلەن ئىپادىلەش تەرجىمىدىكى موھىم ھالقا. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى تىل بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، تەرجىمىدىكى تۈپ مەسىلە، ئاخىرقى ھېسابتا، تىل مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ (جۈملىدىن نۇتۇقنىڭ) دۇرۇس ۋە راۋان چىقىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تىل ئۆگىنىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش، ئەسلى ئەسەرنىڭ تىلى بىلەن تەرجىمە قىلىنىدىغان تىلنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى پۇختا ئىگىلەش لازىم. ئىككى تىلنى پۇختا ئىگىلەش تەرجىمە خىزمىتىدىكى ئاساسىي ماھارەت. بۇ ئاساسىي ماھارەتنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، تۇۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتىن كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى، تەرجىمان تەرجىمە قىلىدىغان تىل بىلەن تەرجىمە قىلىنىدىغان تىلنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان، ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك، بۇ - تەرجىمانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك شەرت. لېكىن، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆز تىلىنى پۇختا بىلىش تەرجىمانلار ئۈچۈن ئەڭ ئالدىنقى شەرت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۆز تىلىنى پۇختا بىلىش تەرجىمان ئۈ-
چۈن ئۆز تىلىدىكى ئەسەر (نۇتۇق) نى
ئىككىنچى بىر تىلغا تەرجىمە قىلغاندا
ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنىشكە، ئىك-
كىنچى بىر تىلنى ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىل-
غاندا ئۇنى قىينالماي ئىپادىلەشكە ئاسان-
لىق يېرىپلا قالماستىن، ئىككىنچى بىر
تىلنى ئوبدان ئۆگىنىۋېلىشقىمۇ ئوڭايلىق
تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ.

ھەر مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەت
خەلقلىرى ئۈچۈن ئانا تىل بولۇپ ھې-
سابلىنىدۇ. شۇڭا، كەڭ مەنىدىن ئېيتقان-
دا، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى بىلمەيدىغان
ئادەم بولمايدۇ. كىشىلەر تۇغۇلۇپ تىلى
چىققاندىن تارتىپلا تىل ئۆگىنىشكە باش-
لايدۇ، مۇرەككەپ ئىجتىمائى ھايات بىلەن
ئۇچراشقانسېرى، ئۇنىڭ تىل بايلىقىمۇ
ئېشىپ بارىدۇ. بىراق، ئۆز تىلىدا سۆز-
لەشنى بىلگەنلىك ئۆز تىلىنى تولۇق بىل-
گەنلىك ھېسابلانمايدۇ. تىلنى پۇختا بىلىش
دېگەندە، تىلنىڭ ئاساسى بولغان گىرام-
ماتىكىلىق قۇرۇلۇش ۋە ئۇنىڭ لۇغەت
تەركىۋىنى پۇختا ئىگەللەش كۆزدە تۇتۇ-
لىدۇ. تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى بىناكار-
لىقنىڭ ماتېرىيالى - بىناغا كېرەكلىك-
غىش دەپ ھېسابلىساق، گىراماتىكا شۇ
ماتېرىيالنى - غىشنى قانداق تىزىپ،
بىنانى قانداق قوپۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى بو-
لىدۇ. سىزنىڭ مەن ئۆز ئانا تىلىمنى
بىلىمەن، يەنە چوڭقۇر ئۆگىنىشىمنىڭ ھا-
جىتى يوق دېگىنىڭىز، ئىجتىمائى تۇرمۇش-
تا ھەممە ئادەمگە ئورتاق بولغان قۇرۇ-
لۇش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، جەم-
يەت ئەزالىرىنىڭ كوپچىلىكى ئۈچۈن ئور-
تاق بولغان، ھەتتا ھەممىسىنىڭ قولىدىن
كېلىدىغان ئاددى ئويلەرنى ياسىيالايدى-
غانلىقىڭىزنى كورسىتىدۇ. ئەمما قۇرۇلۇش-
نىڭ ھەممىسى ئاددى ئوي بولىۋەرمەيدۇ،
بەزى قۇرۇلۇشلار 2 - 3 قەۋەت، 5 - 6
قەۋەت، ھەتتا ئۇنىڭدىن مورەككەپ بو-
لىدۇ. قۇرۇلۇشنىڭ پۇختا ۋە كوركەم
پۈتۈشى قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ توپلىغان
ماتېرىياللىغا ۋە شۇ ماتېرىيالنى قوراش-
تۇرۇش ماھارىتىگە باغلىق. خۇددى شۇ-
نىڭغا ئوخشاش، تىلدا ئىپادە قىلىنىدى-
غان ئوي - پىكىرلەر ھەمىشە ئاددىتىكى
ئوقۇملارنىڭ يىغىندىسى بولىۋەرمەيدۇ،
بەزىدە ناھايىتى چوڭقۇر، ھەتتا بەك مۇ-
رەككەپ ئوي - پىكىرلەرنى ئىپادىلەشكە
توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى
مول تىل ماتېرىيالى ۋە بۇماتېرىياللارنى
قوراشتۇرىدىغان يۇقۇرى ماھارەت لازىم
بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئاندىن تىلنى
بىر قەدەر ياخشى بىلگەنلىك ھېسابلىنىدۇ،
مۇرەككەپ ئوي - پىكىرلەرنىمۇ قىينالماي
بىر قەدەر توغرا ئىپادىلىگىلى بولىدۇ.
تەرجىمانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇنداق
بولۇش تېخىمۇ مۇھىم. چۈنكى تەرجىمان
ئۆز تىلىدىكى مۇرەككەپ ئوي - پىكىرلەر-
نى ئىككىنچى بىر تىلغا تەرجىمە قىلىدۇ،
ياكى ئىككىنچى بىر تىلدىكى ئوي - پىكىر-
نى ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىدۇ، بۇ، ئۆز
تىلىدا پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئوي - پىكىر-
نى ئىپادىلەشكە قارىغاندا، تېخىمۇ قىيىن.

تىلنىڭ گىراماتىكا قۇرۇلۇشىنى پۇختا بىلگەن، مول سۆز بايلىقىغا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولىدۇ. ھازىر بىزدە يۈز بېرىۋاتقان بەزىبىر كەمچىلىكلەر مۇشۇ جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن:

بىزدە چىداملىق يېتەرلىك بولمىدى

(ماتېرىيالدىن)

...... تىلغا ئېنىقلىق، جانلىق ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ.

(«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» ئىجتىمائىي پەن قىسمى 1980 - يىل 4 - سان 116 - بەت)

بۇ جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلغان ۋە ئىشلەتكەن يولداشلار گىراماتىكا قۇرۇلۇشى جەھەتتە بۇنىڭدا نۇقسان بارلىقىنى ھېس قىلمىغان، ئوقۇغۇچىلارمۇ بىر قاراپلا، بۇنىڭدا ھېچقانداق مەسىلە يوق، دەپ ھۆكۈم چىقىرىشى مۇمكىن. مەسىلە يولداشلارنىڭ ئويلىغىنىدەك ئەمەس، بۇ جۈملىلەرنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا نۇقسان بار. ① جۈملىنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغىنى "بىز" دە بەرداشلىق بېرىدىغان خىسلەتنىڭ كەملىكى. بىر ئادەمنىڭ مەلۇم خىسلىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئىسىم بولۇشى كېرەك، بۇنداق خىسلەتنى ئېنىقلايدىغان سۈپەتنى ئىسىم ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئالايلى، "چىداملىق" سۆزى سۈپەت، بۇ "چىدام" دېگەن ئىسىمغا سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق" نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان. "چىداملىق" دېگەن سۈپەتنى ئىسىم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاخىرىغا سۈپەتتىن ئىسىم ياسايدىغان "لىق" قوشۇمچىسىنى قوشۇپ "چىداملىقلىق" قىلغاندا ئاندىن ئۇنى بىرەر خىسلەت ياكى ھالەتنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا، بۇ جۈملىنىڭ توغرا ئىپادىلىنىشى "...... بىزدە چىداملىقلىق يېتەرلىك بولمىدى" بولۇشى كېرەك. ② جۈملىدىكى ئەھۋالمۇ ئوخشاش. تىلغا 3 نەرسە بېغىشلىنىدۇ. بىرى "ئېنىقلىق"، يەنە بىرى "جانلىق"، ئۈچىنچى بىرى "كۈچ - قۇۋۋەت". بىراق بۇنىڭدىكى "جانلىق" سۆزى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولغان "بېغىشلايدۇ" بىلەن ماسلاشمىغان. چۈنكى تىلغا بېغىشلايدىغان نەرسە بىرخىل ھالەت بولۇپ، ھالەتنىڭ سۈپىتى ئەمەس. "تىلغا ئېنىقلىق بېغىشلايدۇ" دېيىش مۇمكىن بولغىنىدەك، "تىلغا جانلىق بېغىشلايدۇ" دېيىشكىمۇ بولمايدۇ، بۇنى توغرا ئىپادىلەش ئۈچۈن، "جانلىق" دېگەن سۈپەتنىڭ ئاخىرىغا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق" نى قوشۇپ، "جانلىقلىق" قىلىپ ئىشلەتكەندە، ئاندىن بىرەر كەيپىياتنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم بولۇپ، "ئېنىقلىق"، "كۈچ - قۇۋۋەت" دېگەن ئىسىملار بىلەن ماسلىشالايدۇ.

سۆز كەمبەغەللىكى تەرجىمان ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئاجىزلىق. سۆزگە كەمبەغەل تەرجىماننىڭ چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. سۆز نامراتلىقى تەرجىمىنىڭ سۈ-

پىتىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا ئۆز تىلىنى پۇختا بىلمىگەن، ئۆز تىلىدىكى سۆزلەرنى ئەتراپلىق ئۆگەنمەي، ئۆز تىلىنىڭ لۇغەت بايلىقىنى ئاشۇرۇشى لازىم. ئەمما، سۆزلەرنى سۆز پېتىچىلا بىلىۋېلىش مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ، سۆزدىن ئىپادە قىلىنغان مەنانى، سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى، جۈملىدىكى رولى ۋە بىر-بىرى بىلەن بولغان باغلىنىشلىرىنى ئوبدان ئۆگىنىش كېرەك. ھازىر مەتبۇئاتلىرىمىزدا، گېزىت ۋە رادىئولاردىكى تەرجىمە ماقالىلىرى ۋە ئىجادىي ئەسەرلەردە يۈز بېرىۋاتقان سۆزلەرنى جايىدا ئىشلەتمەسلىك خاتالىقىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب مۇشۇ جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن بولغان. شۇڭا بۇ جەھەتتە، ئالاھىدە كۈچ چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، تەرجىمىدە ۋە ئىجادىي ئەسەرلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان بىر مەسىلە بار. كېزى كەلگەندە، بۇ ھەقتىمۇ ئاز-تولا توختىلىپ كېتەيلى.

سانى ئېنىق ئېيتىلغان سۆزلەردىن كېيىن كۆپلۈك قوشۇمچىسىنىڭ كەلمەيدىغانلىقى تۈركىي تىللارغا خاس بولغان ئورتاق خۇسۇسىيەت، بۇ خۇسۇسىيەت ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما ئەھۋالنىڭ مۇشۇنداق ئېنىق بولۇشىغا قارىماي، سان بىلەن كۆپلۈك قوشۇمچىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا بىر مۇنچە مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ. تەرجىمان، تەھرىر يولداشلار كۆڭۈلگە بىر نەچچە قېتىم مۇشۇ ئىشقا يولۇقىدىغان تۇرۇقلۇق، سان بىلەن كۆپلۈك قوشۇمچىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا خاتا بىر تەرەپ قىلىۋاتىدۇ. تەھرىر، تەرجىمانلىرىمىز رادىئو، گېزىت ۋە ژۇرناللاردا "97 نەپەر كۆكتات ئەزالىرىنىڭ كىرىمى ئاشتى"، "50 000 نەچچە خىل گۈل سورتلىرى باغچىنى خۇش پۇراققا ئورايدۇ." "يىغىنغا قاتناشقان 15 ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى يىغىندا قىزغىن پىكىر قاتناشتۇردى." دېگەنگە ئوخشاش ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان گىرامماتىكىلىق خاتالىقلارغا يول قويغانلىقى ياكى بۇلارنى خاتالىق ئورنىدا كۆرمىگەنلىكى ۋە ئېتىۋار بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇنداق ئەھۋاللار بارغانچە كۆپىيىپ قالدى، ھەتتا تۆۋەننىڭ يەرلىك گېزىت - ژۇرناللىرىدا ئۆزىنىڭ كۆپلۈك ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرغان "ئامما" سۆزىنىڭ ئاخىرىسىغىمۇ "لار"نى قوشۇپ "ئاممىلار" قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان غەلىتە ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. مۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قېلىپلىشىشىغا زور دەرىجىدە تەسىر يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەرجىمانلار ئۆز تىلىنى بىلىش مەسىلىسىدە يېڭىلىك بىلەن ھوكۇم چىقىرىپ، ئۆز تىلىمنى بىلىمەن، دەپ قارىماستىن، ئۆز تىلىنىڭ گىرامماتىكىلىق قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، ئۇنى تولۇق ئىگەللەشكە تىرىشىشى لازىم.

ئىككىنچى، تەرجىمان دېگەن سۆزنىڭ

بىر مىللەت تىلىنى ئىككىنچى بىر مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچى ياكى تىلى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىق قىلغۇچى دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. شۇڭلاشقا، تەرجىمان ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز تىلىنى پىششىق بىلىشتىن باشقا، تەرجىمە قىلىنىدىغان تىلنى، يەنى ئىككىنچى تىلنى ئوبدان بىلىشى كېرەك. ئىككىنچى تىلنى پۇختا بىلىش باشقا تىلنى ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىدىغانلارغا ئەسلى ئەسەرنى چۈشىنىشتە ناھايىتى چوڭ يەڭگىللىك بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تەرجىمىدە چوڭ خاتالىقلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ؛ ئۆز تىلىنى باشقا تىلغا تەرجىمە قىلىدىغانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىپادىلەشنى ئوڭايلاشتۇرۇپ، تىلنىڭ راۋان بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. تەرجىمان ئۆزىنى تىلى بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك ھېساپلىسا، ئۆز تىلىنى كۆۋرۈكنىڭ تۈۋرۈكى، ئىككىنچى تىلنى كۆۋرۈكنىڭ لىم ياغىچى دەپ قارىشى كېرەك. تۈۋرۈك ئۈستىگە قويۇلغان لىم پۇختا بولمىسا، كۆۋرۈك مۇستەھكەم بولمىغىنىغا ئوخشاش، ئۆز تىلىنى ئوبدان بىلسىمۇ لېكىن ئىككىنچى تىلنى پۇختا بىلمىگەن تەرجىماننىڭ تەرجىمىسى ياخشى چىقمايدۇ، مۇنداق تەرجىماننى لاياقەتلىك تەرجىمان دەپ ئاتاشقىمۇ بولمايدۇ. تەرجىمان ئۆز تىلىنى بىلىشكە تىرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىككىنچى تىلنى بىلىشكىمۇ تىرىشىشى لازىم.

ئۈچىنچى، تەرجىمە قىلىدىغان تىل بىلەن تەرجىمە قىلىنىدىغان تىلنى، يەنى ئۆز تىلى بىلەن ئىككىنچى تىلنى ئۆگەنگەندە، ئىككى تىلنىڭ ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىكى ئوخشاشلىق بىلەن پەرقىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىپ، ئىپادىلەشتە، ئىمكان قەدەر، ھەر ئىككى تىلنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش لازىم. ئىككى تىلنىڭ ئوخشاشلىقى ئىپادىلەش جەھەتتە تەرجىمان ئۈچۈن ئاسانلىق بەرسە، بۇ تىللارنىڭ پەرقى ئىپادىلەشتە تەرجىماننى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرىدۇ. خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى ئالساق، چوڭ جەھەتتە ئوخشاشلىق ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن، ھەر ئىككى تىلدىكى سۆزلەر ئۆزىنىڭ ئاڭلاتقان مەنىلىرى ۋە گىراماتىكىلىق رولىغا قاراپ، ئىسىم، ئالماش، سۈپەت، سان، پېئىل، رەۋىش، باغلىغۇچى، ئۇلانما، ئىملىق دېگەنگە ئوخشاش تۈركۈملەرگە بۆلىنىدۇ. ئىسىم جۈملىدە ئىگە بولىدۇ؛ پېئىل خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ؛ رەۋىش سۈپەتنى ئېنىقلايدۇ، ئىسىمنى ئېنىقلىمايدۇ. تىلدىكى جۈملىلەر ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت دېگەنگە ئوخشاش تەركىبلەردىن قۇراشتۇرۇلىدۇ ۋە باشقىلار. ئەمما، تىل سىستېمىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئىككى تىلدا يەنە بىر مۇنچە ئوخشىماسلىقلار بار. بۇ ئوخشىماسلىقلار، ئاساسەن، خەنزۇ تىلىنىڭ يىلتىزلىق تىل بولغانلىقى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇلانما تىل بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئۇلانما تىل ياكى يېپىشقاق

تىل بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تىل مورفولوگىك تۈزۈلۈشكە باي، ئۇنىڭدىكى گىراماتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن بولىدۇ. ئىسىملار كېلىش بىلەن، پېئىل ۋە سۈپەتلەر ئۆز دەرىجىلىرى بىلەن تۈرلەنگەندە، ئۇلار ئوخشىمىغان گىراماتىكىلىق مەناغا ئىگە بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇشۇ سۆزلەردە ئىپادىلەنگەن گىراماتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى خەنزۇ تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزى بىلەن ئىپادىلەش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بۇلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن باشقا سۆزلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقا، ياكى ئالدى - كەينىگە سۆز قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ پەرقنى تەرجىمانلار ئەلۋەتتە سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىشى، ئوبدان ئىگەللىشى لازىم. تەرجىمە كىتابلىرىدا ئۇچراۋاتقان „بۇرنۇمدىن سۆكىردى„، „ماڭا ئالىملارنىڭ بىر ئاز قىزىلى كېرەك„، دېگەن گەپلەر ئاشۇنداق پەرقلەرگە ئېتىۋارسىز قارىغانلىقتىن، ئوبدان ئۆگەنمىگەنلىكتىن بولغان.

يەنە مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا سانلار ئىسىم بىلەن بىۋاستە بىرىكەلەيدۇ، خەنزۇ تىلىدا بولسا مۇمكىن ئەمەس. خەنزۇ تىلىدىكى سانلار ئىسىم بىلەن، ئومۇمەن، مىقدار سۆزنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بىرىكىدۇ. سان بىلەن ئىسىمنىڭ ئوتتۇرىسىغا مەقدار سۆز قويۇلمىسا، مەنادا خاتالىق يۈز بېرىدۇ. ئىككى تىلنىڭ ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىكى بۇخىل ئوخشىماسلىقلارمۇ تەرجىمانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى كېرەك.

我们看了两场电影。

他们班有十个男同学，八个女同学。

بۇ جۈملىلەردىكى "个" بىلەن "场" سۆزىنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ خەنزۇ تىلىنىڭ خۇسۇسىيىتى. ئەمما بۇلارنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا، مىقدار سۆزلەرنىڭ تەرجىمىسىنى زورمۇ - زور چىقىرىپ:

(بىز) ئىككى مەيدان كىنو كۆردۇق.

ئۇلارنىڭ سىنىپىدا 10 دانە ئوغۇل (ئوقۇغۇچى) 8 دانە قىز ئوقۇغۇچى بار.

دەپ تەرجىمە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇلارنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە:

ئىككى كىنو كۆردۇق.

ئۇلارنىڭ سىنىپىدا 10 ئوغۇل، 8 قىز ئوقۇغۇچى باردەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك.

قىسقىسى، تىل مەسىلىسى تەرجىمىدىكى تۈپ مەسىلە. بىر تىلنى ئىككىنچى بىر تىلغا تەرجىمە قىلىشتا، ھەيلى يېزىق تەرجىمىسى بولسۇن، ياكى ئېغىز تەرجىمىسى بولسۇن، تەرجىمە سۈپىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ئەسلى ئەسەرنى (ياكى نۇتۇقنى) چۈشىنىش ۋە ئىپادىلەش سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق. چۈشىنىش بىلەن ئىپادىلەش مەسىلىسى، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، تىل مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىلى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشى، چۈشىنىشى، دوستلىقى ۋە ئورتاق ئىلگىرىلىشىنى ئالغا سۈرۈشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغۇچى تەرجىمانلار ئۆز خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈمەن دەيدىكەن، ئۆز تىلى بىلەن تەرجىمە تىلىنى پۇختا ئۆگىنىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشى لازىم.

# تەرجىمە ساھەسىنىڭ باھارىنى كۈتۈۋالايلى

توختى باقى

تەرجىمە ساھەسىدىكىلەرنىڭ تۇنجى باھارى يېتىپ كەلدى. مەن بارلىق ۋەكىللەر بىلەن بىرلىكتە، تەرجىمە ساھەسىدىكىلەرنىڭ تۇنجى باھارىنىڭ خاسىيەتلىك خەۋەرچىسى بولغان بۇ تەنتەنىلىك يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، يىغىنغا ئۇتۇق تىلەيمەن.

ئىنسانلارنىڭ تارىخى تەرەققىياتىدا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا، تەرجىمە خىزمىتى كام بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمە خىزمىتى تولا چاغلاردا "ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ۋاستىچىسى، ئىلىم - مەرىپەت تەرەققىياتىنىڭ باشلامچىسى" دەپ تەرىپلىنىدۇ. ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ خەلقىمىزگە مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ ئۆزلىشىش تارىخىنى ۋە ئۇنىڭ ئىنقىلاب يولىمىزدا يېتەكچى ئىدىيىگە ئايلىنىش تارىخىنى تەكشۈرۈپ - ئەسلەپ قارايدىغان بولساقلا، تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ۋاستىچىلىق، باشلامچىلىق رولىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن لۇشۈن تەرجىمانلارنى يۇنان چۆچەكلىرىدىكى پرومېتېيۇسقا ئوخشىتىدۇ. پرومېتېيۇس ئەرشتىن ئىنسانلارغا ئوت (چوغ) ئەكىلىپ بېرىپ، ئىنسانلارنىڭ ئوتتىن پايدىلىنىپ نى - نى ئىشلارنى قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. دېمەك تەرجىمانلار ئەنە شۇ چۆچەكتىكى پرومېتېيۇسقا ئوخشاش، تەسۋىرلەپ - سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان جاپا - مۇشەققەتلەرنى، خەۋپ - خەتەرلەرنى، قىيىنچىلىقلارنى ئۆزبېشىدىن كەچۈرۈپ، يۈرەك قانلىرى بەدىلىگە ھاسىل قىلغان مەھسۇلاتىنى — ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ئۆز تىلىدا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆز خەلقىنى بەھرىمەن قىلىدۇ. ئەگەر بىز ئۆز ھاياتىمىزنىڭ ھەممە جەھەتلىرىدىكى — ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، ئىقتىسات ۋە باشقا ساھالىرىدىكى — ھازىرقى تەرەققىيات سەۋىيىسىنى، 20 - ئەسىرنىڭ يېڭىلىقلىرىدىن پايدىلىنىش سەۋىيىمىزنى تېگى - تەكتىدىن تەتقىق قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ جەھەتلەردە تەرجىمە خىزمىتىنىڭ كام بولسا بولمايدىغان ۋاستىچى - باشلامچى ئامىل ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسى تەرجىمە خىزمىتىنىڭ رولىغا ئاپىرىن ئېيتماي، كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرمەي تۇرالمايدۇ. يىغىنىمىز ئېچىلىۋاتقان بىر پەيتتە، تارىختا يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى بىلىملەرنى خەلقىمىزگە يەتكۈزۈشتە توھپە ياراتقان، خەلقىنىڭ تەرىپىگە ساز ۋەر بولغان، كېيىنكى ئەۋلاتلار ئۈچۈن ئۈلگە قالدۇرۇپ كەتكەن تەرجىمان ئەجداتلىرىمىزنى، تارىختىكى سولچىلىق ئېقىملىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئون يىللىق بالايى - ئاپەتنىڭ قۇربانى بولغان تەرجىمان ئۇستازلىرىمىزنى ۋە سەبداشلىرىمىزنى يادلىماي تۇرالمايمىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ بەزىسى- يۈكسەك توھپە ياراتقان مەشھۇر ئاتاقلىق ئۇستازلار، تولىسى ئاتىغى چىقـ

مىغان شائىرىمىز قەھرىمانلار. ئۇلارنىڭ
ياراتقان ئۈلگىسى بىز ئۈچۈن يىتەكچى،
ئۇلارنىڭ خەلق ئۈچۈن يۈرەك قېنى بىلەن
كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى بىزدەك كېيىنكى
ئەۋلاتلار ئۈچۈن، يەنى خەلقىمىزنى رازى
قىلارلىق خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتىمىز-
نىڭ مۇستەھكەم ئۇلى. بۈگۈنكى يىغىنى-
مىز ئەنە شۇنداق تەرجىمە ساھەسىدىكى
ئۇستازلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن شانلىق
ئۈلگە ۋە پارلاق ئىرادىنىڭ تۈرتكىسى
بىلەن ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋە يېتىلىۋاتقان
قۇدرەتلىك تەرجىمانلار قوشۇنىنىڭ ناما-
يەندىسى.

ئىجتىمائى تەرەققىيات يولىدىكى
كۆرەشنىڭ مۇھىم بىر سېپىنى تەشكىل
قىلىدىغان تەرجىمانلار قوشۇنىنىڭ بۈگۈنكى
تەنتەنىسىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقىنىمىزدا،
بۇ تەنتەنىنى قەدىرلەش ئۈچۈن، تارىخى
ساۋاقلىرىمىزنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز.
تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانمىغان
ياكى شۇغۇللانمايدىغان كىشىلەر تەرجىمە
خىزمىتىنى ئاسان چاغلايدۇ، ئۇلارنىڭ
نەزىرىدە، ئىككىنچى بىر خىل تىلنى بىلى-
گەنلىكى ئادەم تەرجىمانلىق قىلالارمىش.
ئۇلار تەرجىماننىڭ مەيلى قولىغا قەلەمنى
ئېلىپ يازما تەرجىمانلىق قىلسۇن، مەيلى
نەق مەيداند ئېغىزچە تەرجىمانلىق قىلى-
سۇن، يۈز بېرىۋاتقان بۇ يېزىق - تىل ئال-
مىشىشىنىڭ ئارقىسىدا تەرجىماننىڭ نىمە
مەنىۋى — ئىچكى قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن
كەچۈرگەن ياكى كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى چۈ-
شەنمەيدۇ. تەرجىماننىڭ ھەتتا خېلىلا
پىشقان تەرجىماننىڭمۇ بەزى چاغلاردا قىيىن
جۈملە، چوڭقۇر مەنىلىك سۆز ئالدىدا باش
قاتۇرۇپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى، لۇغەتتىن سۆز
ئاختۇرمايدىغان تەرجىماننىڭ يوقلىقىنى
تەرجىمە كۆپىيىشنى قايتا - قايتا تۈزەتمەيدىغان
تەرجىماننىڭ ئازلىقىنى، توغرا
ۋە تولۇق تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن نەق
مەيداند تەرجىماننىڭ قانچىلىك يۈرەك
قېنى سەرپ بولىدىغانلىقىنى ئۇلار نەدىن
بىلسۇن؟! شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئادەملەر
ئىككى خىل تىل ئالدىدا ئۆزىنىڭ يېرىم
،،گاچا،، ئىكەنلىكىنى، يەنە تەرجىمانغا
مۇھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ،
ئۆزىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا تەرجىمە ئە-
سەرلەرنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن تەرجى-
مانىنى مەنسىتمەيدۇ. ئۇلار تەرجىمە خىز-
مىتىنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە مۈشكۈللىكىنى
يېتەرلىك چۈشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە
تەرجىمان كېرەك بولغاندا لازىم قىلىنىدى-
غان، كېرەك بولمىغاندا تاشلاپ قويسىمۇ
بولىدىغان ،،مۇلازىم،، بولۇپ قالغان.
شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ يىللاردىن بۇيان
تەرجىمە ساھەسىدە چىگىش، ئېغىر مەسى-
لىلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئاپتونوم
رايونىمىزدا ئۆزىمىزگە مەلۇم بولغان
ئەھۋاللارنى ئالساق، ئازاتلىقتىن كېيىنكى
بىر قانچە يىل ئىچىدە، ئاپتونوم رايو-
نىمىزدا مەخسۇس تەرجىمانلار يېتىشتۈرى-
دىغان تىل ئىنستىتۇتى، تەرجىمانلار كۇر-
سىلىرى، تەرجىمانلار ئىلمى مۇھاكىمە يى-
غىنلىرى بارئىدى، يېتەرلىك بولمىسىمۇ
مەخسۇس تەرجىمە مۇھاكىمە توپلاملىرى

چىققان ئىدى: تەرجىمە كەسپى ئالاھىدە بىر ساھە تۈسىنى ئېلىشقا قاراپ ماڭغان ئىدى، بۇ رىئال ئەھۋال ئەينى ۋاقىتلاردا كىشىلەردە تەرجىمان بولۇش ھەۋەسلىرىنى قوزغىغان، تەرجىمانلارنىڭ تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە سەنئىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولغان ئىدى. ئەپسۇسكى كېيىنكى چاغلاردىكى سولچىل ئېقىملار، بولۇپمۇ "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ مەدەنىيەتنى قۇرۇتۇش مەسلىكى ۋە مەدەنىيەت ئىستىبداتلىقى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى خارابلاشتۇرغاندەك، تەرجىمە ساھەسىنىمۇ خاراپلاشتۇردى، تەرجىمانلار سېپىنى تىرە - پىرەڭ قىلدى، تەرجىمانلار قوشۇنىنى توزغاقتەك تۇزۇتىۋەتتى، تەرجىمانلارنى ئۆز كەسپىدىن بەزدۈردى، تەرجىمانلارنىڭ خىزمەت قىلىش ئىزگىنىش شارائىتلىرىنى، تۇرمۇش تەمىناتلىرىنى ئېتىۋارنىڭ سىرتىدا قالدۇردى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى خارلىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، تەرجىمانلىق خىزمىتى ئىجتىمائىي ھاياتتا، بولۇپمۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە، رايوندا كام بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر ئامىل. لېكىن ئۆز تەختىنى ئورنۇتۇش ئۈچۈن خەلقنى نادانلاشتۇرۇش يولىنى مۇھىم ۋاستە قىلىۋالغان ,,تۆت كىشىلىك گۇرۇھ،، بولۇپمۇ 10 يىللىق بالايى - ئاپەتلىك دەۋرىدە ئۆز ئېھتىياجىدىن چىقىش ئۈچۈن، تەرجىمانلارنى زۇلۇم قامچىسى بىلەن ئالدىغا سېلىپ، ئۆزلىرى قانداق داڭقان پۈتى يازسا، سۆزلىسە، تەرجىمانلارنى شۇنداق مەن-تىتىمىز داڭقان پۈتى تەرجىمە قىلىشقا مەجبۇرلاپ، تەرجىمە قائىدىلىرىنى، تەرجىمە سەنئىتىنى قاتتىق بۇزدى، تەرجىمە قائىدىلىرى، سەنئىتى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، تەرجىمىنىڭ سۈپىتىنى ئىنتايىن تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويدى، دېمەك "چالا تەرجىمان" لىقنى ئەۋج ئالدۇرىۋەتتى، خەلقىمىزنىڭ تىلىنى بۇزدى، ھەتتا شۇنداق تەرجىمىلەرنى كۆزى بىلەن كۆرگەن، قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان كىشىلەرنى ئەسلى تىلىغا نىسبەتەن "تىلى شۇنداق داڭقان پۈتەمدۇر؟!" دېگەن ھەمىياتقا كەلتۈرۈپ، شۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر ئارا بەزى مەنسىتمەسلىك، ئىتتىپاقسىزلىق ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا زامىن بولدى.

تەرجىمە ساھەسىنىڭ ئۆتكەن بەلگىلىك بىر مەزگىلدىكى تارىخىنى تەتقىق قىلىپ قارايدىغان بولساق، يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، بىر تەرەپتىن، تەرجىمە ئىشى تۇيۇق يولغا ھەيدالدى، نۇرغۇن سالاھىيەتلىك تەرجىمانلار تۈرلۈك زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن تەرجىمە ئەسەرلىرى نابۇت قىلىندى، بىر قىسىم تەرجىمانلار تۈرلۈك خورلۇق دەستىدىن "ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن ئادەم تەرجىمان بولىدۇ" دەپ، كەسىپ ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، تەرجىمە ئىشى، خۇددى ياغاچ - تاش ئاستىدىن ئۈنۈپ چىققان گىيادەك، ئۆزىنىڭ كۆكلەش، ئۆسۈش يولىنى ئىزدەپ، ئۆز تەرەققىياتىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى

بارئىدى، سولچىلىق ئىبقىسى ئەۋجىگە چىققان مەزگىللەردە، بىر قىسىم تەرجىمانلار ئاتالمىش ،،كۆرەشنىڭ ئالدىنقى سەپى،،گە ئۆزۈتۇلدى، بىر قىسىم تەرجىمانلار ئاتالمىش ،،ئارقا سەپ،،كە – ئەمگەككە ھايدالدى، "قوتان" غا سولاندى، تۈرمىگە تاشلاندى، ئوقۇش قوراللىرىنىڭ كوپلەپ كويدۇرۇلۇپ- نابۇت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن مەنىۋى ئاچارچىلىقتا قالغان ئاما مەنىۋى ئوزۇق دەردىدە ئازاپ چەكتى. ئەنە شۇنداشارائىتتا، بىر قىسىم تەرجىمانلار ئۆزلىرى چەكمىۋاتقان دەرت – ئەلەمنى قۇۋەت مەنبەسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ تەرجىمە ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى، بىر قىسىم تەرجىمانلار ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، نەزەربەنت قىلىش ئورۇنلىرىنى، ،،قوتان،، ۋە تۈرمىلەرنى تىل ئۆگىنىش، تەرجىمە ئىشىغا باش چوكۇرۇش پۇرسىتىنىڭ مەنبەسى قىلىۋالدى. ھەتتا بىر قىسىم كادىرلار ،،ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش ئىنقىلاپقا تۇسقۇنلۇق قىلغانلىق،، بولىدۇ، ،،جىنايەت،، بولىدۇ دەيدىغان مەزگىللەردىمۇ تەرجىمە ئىشىنى ئۆزلىرىگە مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك مەشغۇلات قىلىۋېلىپ، بۇ يولدا باش چوكۇرۇپ ئىشلىدى، كېيىنكى چاغلاردا نەشردىن چىققان ۋە نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان بىر مۇنچە چوڭ - چوڭ تەرجىمە ئەسەرلەر ۋە لۇغەتلەر تەرجىمانلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى سولچىللىق ئىبقىسىنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆرەشلىرىنىڭ نەتىجىسى؛ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئاچارچىلىق دەردىگە دەرمان بولۇش يولىدا يېتىشتۈرگەن مېۋىسى، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى تەرجىمە ساھەسىگىمۇ ئىسسىق نۇرىنى چېچىۋاتقان ھازىرقى كۈندە، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا شۇنداق تارىخى جەريانلارنى ئەسلەپ، تەجرىبەلىرىمىزنى يەكۈنلەپ، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىش تەرجىمە ساھەسىنىڭ كۆللەپ، ياشنايدىغان پارلاق ئىستىقبالىغا قاراپ تېخىمۇ ئالغا يۈكسىلىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تەرجىمە ساھەسىنىڭ ئىستىقبالى چەكسىز پارلاق. تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئالدىدا ۋەتىنىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ھەسسە قوشۇدىغان ھەم مۇشكۇل، ھەم شەرەپلىك ۋەزىپە تۇرۇپتۇ. بۇ يولدا تەرجىمىنىڭ رولىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇش كېرەك؟

ئەمەلىيەتتىن مەلۇمكى، تەرجىمە خىزمىتى مۇستەقىل ئىجادىي خىزمەت ئەمەس. لېكىن ئۇ ئىسىلداش ئىجادىي خىزمەت، تىل ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان، سوزنى سوزگە ،،ئورۇپ قويۇش،، بىلەنلا پۈتمەيدىغان، مىخانىزىم يائاليىتىگە ئوخشىمايدىغان مۇنتىزىم ئىجادىي ئەمگەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ،،شىرىلىك ئىجادىيەت،، دەپمۇ ئاتىلىدۇ: تەرجىمە ئەسلى تىلنى ئىككىنچى بىر خىل تىل بىلەن قايتا ئىپادىلەپ بېرىش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ،،تەكرار ئىجادىيەت،، دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمانغا قويۇلىدىغان تەلەپ ھەم يۇ-

قۇرى، ھەم چىلىق. قايتا ئىجات قىلغۇچى تەرجىمان ئەسلى تىلنى (مەيلى يېزىق ياكى كەپ بولسۇن) مەنا جەھەتتىن دەل توغرا، ئۇقۇم جەھەتتىن ئېنىق، سۆز جەھەتتىن مۇۋاپىق، مەنتىق جەھەتتىن كۈچلۈك، تىل جەھەتتىن راۋان ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، تەرجىمىنىڭ ئاساسى قانۇنىيەتلىرىنى ئىگەللەش، تىلنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، تەرجىمىدىكى ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى ئۆستۈرۈپ بېرىشى لازىم. تەجرىبىلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ، تەرجىمە سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بەزىبىر پىشمىغان خىياللىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن:

„توت كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە تۈرلۈك ئىلمى جەمئىيەتلەر، تەتقىقات ئورگانلىرى كەينى-كەينىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىدى ۋە قۇرۇلماقتا. پەقەت تەرجىمە ساھەسىدىلا بىرەر ئىلمى تەشكىلات ياكى جەمئىيەت قۇرۇلغىنى يوق. تەرجىمە خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا ئېتىبار بەرمەسلىكنى، تەرجىمە ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىشلەش، ئۆگىنىش شارائىتلىرىدا، تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ئوبدان ھەل بولماي كېلىۋاتقانلىقىنى، تەرجىمانلارنىڭ ئۆز كەسپىگە يارىشا مۇۋاپىق ئىجتىمائى ئورنىنىڭ بولمايۋاتقانلىقىنى، تەرجىمانلارنى ئۇيۇشتۇرىدىغان، يېتەكلەيدىغان، ئۆستۈرۈشكە ياردەم كۆرسىتىدىغان، يىغىپ ئېيتقاندا، تەرجىمانلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان مەخسۇس تەشكىلاتنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ۋەتىنىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش كۈرىشىدە تەرجىمە خىزمىتىنىڭ بەلگىلىك رولى بار، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تەرجىمە سېپىمىز تېخى تولۇقلانمىغان، سەۋىيىمىز ئېھتىياجىغا جاۋاپ بېرەلىگىدەك دەرىجىگە يەتمىگەن ھازىرقى شارائىتتا بۇ سەپنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يېتەكچى ئورگان — تەرجىمانلار جەمئىيىتى ياكى ئىلمى جەمئىيىتى قۇرۇش كۆپ پايدىلىق. شۇنداق جەمئىيەت بولغاندا، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن بىرىنچىدىن، تەرجىمە تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئورتاق ئۆسۈش مۇمكىن، ئىككىنچىدىن تەرجىمە نەزەرىيىسىنى ۋە سەنئىتىنى سېستىمىلىق ئۆگىنىپ، تەرجىمە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مۇمكىن، ئۈچىنچىدىن، تەرجىمانلارنى كەڭ كۆلەمدە ئۇيۇشتۇرۇپ، تەرجىمە سېپىدىكى بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى سەپەرۋەر قىلىپ، تەرجىمانلار سېپىدىن باشقا ساھەگە كۆچۈش خاھىشلىرىدىن ساقلىنىش مۇمكىن.

تەرجىمە ساھەسىنىڭ يۈكى ئېغىر، لېكىن كۈچ چەكلىك، ئىقتىدارى ئاجىز بولۇپ تۇرغان ھازىرقى شارائىتتا، بىر تەرەپتىن تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئارزۇسى بولغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە تەرجىمانلىقنىڭ ئاساسى شەرت ۋە تەلەپلىرىگە ئىگە بولغان يولداشلارنى جەلىپ قىلىپ، تەرجىمانلار قوشۇنىنى ئۇيۇشتۇرۇش لازىم؛ سانى چەكلىك بولغان تەجرىبىلىك، پىشقەدەم تەرجىمانلارنى تەرجىمە ساھەسىدە

ئادەم تەربىيىلەش، تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش، تەرجىمە دەرسلىكى ۋە قوشۇمچە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى تەييارلاش، تەرجىمە تەھرىرلىكى جەھەتتە ئىشلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇش لازىم؛ ھەۋەسكار تەرجىمانلارنىڭ ئۆز ساھەلىرىدە كەسپى تەرجىمانلار بىلەن ھەمكارلىشىشىغا ياردەم ۋە ئىمكان بېرىش لازىم؛ تەرجىمە خادىملىرىنىڭ ئۆگىنىشى ۋە ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىگە دائىر كىتاپ - ژورنال تەسىس قىلىش، بەزى تەرجىمە سۈپىتى ياخشى ئەسەرلەرنى ئەسلى ۋە تەرجىمىسى بىلەن قوشۇپ سېلىشتۇرما كىتاپ نەشر قىلىش لازىم؛ تەرجىمە سۈپىتىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ بېرىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، گېزىت - ژورناللاردا (ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى شارائىتتا رايونىمىزدىكى گېزىت - ژورناللارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى تەرجىمە) تەرجىمىگە باھالارنى بېرىشكە ئورۇن بېرىلىشى لازىم.

تەرجىمە سېپىدىكى ھازىرقى ئۈزۈكچىلىك ھادىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، "خام تەرجىمان" لارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. كېيىنكى يىللاردىن بۇيان كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، قۇلۇغۇم بىلەن ئاڭلىغان ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، "ئىشىكنى ئېچىپ قويۇپ مەكتەپ باشقۇرۇش" دولقۇنى ئەۋج ئالغان يىللاردا كەسپى، ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ تولىمىنىڭ ئۇلى ياخشى، كەسپى ھەۋىسى كۈچلۈك، لېكىن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان تېگىشلىك دەرسلەرنى تولۇق ئوقۇيالمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يېتەكچىلىك ۋە نىشانلىق پىشىش شارائىتى بىلەن تەمىنلىنەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، تەرجىمە ساھەسىدە خام قالغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كەسپى ۋە تىل كۇرسلىرىدا، پاكولتېتلاردا تىل دەرسلىرى ئۆتۈلگەندە، كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاساسىي دىققەت كۆپىنچە تىلنىڭ ئۆزىنى ئۆگىنىش تەرىپىگە مەركەزلىشىپ، تەرجىمە قانۇنىيەتلىرىنى ۋە سەنئىتىنى ئۆگىنىش تەرىپى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان، ئەنە شۇنداق تەربىيە كۆرگەن ئوقۇغۇچىلىرىمىز تىلنى بىلىمىز، لېكىن تەرجىمە قانۇنىيەتلىرىگە، مۇۋاپىق تەرجىمە قىلىشتىن ئاجىزلىق ۋە قىيىنچىلىق ھېس قىلماقتا. مۇشۇنداق "خام تەرجىمان" لارنىڭ ئۆسۈشىگە يېتەكچىلىك ياردەم ۋە ئىمكانىيەت كامچىل بولغاچقا، ئۇلارنىڭ پىشىش سۈرئىتى ئاستا بولماقتا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، تەرجىمە خىزمىتى بىلەن كۆپ يىل شۇغۇللانغان بەزى تەجرىبىلىك يولداشلار مەمۇرى رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئۆتۈپ كەتتى، بەزىلىرى قېرىلىق يېتىپ، داۋاملىق ئىشلەشكە ئىلاجىسىز بولۇپ قالدى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت تىلىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىدىغان يولداشلار ئىنتايىن ئاز، داۋاملىق ئىشلەۋاتقان پىشقان، پىشقەدەم تەرجىمانلىرىمىزنىڭ سانى چەكلىك. مۇشۇنداق ئۈزۈكچىلىك تۈپەيلىدىن خەلقىمىزنى مەنىۋى

# ئاتاقلىق تەرجىمانلار

## لۇشۈن — ئاتاغلىق تەرجىمە مۇتەخەسسىسى

(لۇشۈن ئەپەندى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن)

گې باۋچۈەن

بۇ يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى خەلقىمىز لۇشۈن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەيدۇ. بىز ئەزەلدىن لۇشۈن ئەپەندىنى ئۇلۇغ ئەدىب، ئۇلۇغ تەپەككۇر ۋە ئۇلۇغ ئىنقىلابچى دەپ تەرىپلەپ كەلمەكتىمىز. لۇشۈننىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە تۆھپىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ ئۇلۇغ يازغۇچى بولۇپلا قالماي، بەلكى چەتئەل ئەدەبىياتى بويىچە مەشھۇر تەتقىقاتچى ۋە تەرجىمە مۇتەخەسسىسى. چۈنكى ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى ئەدەبىي پائالىيەتلىرى ئىچىدە، چەتئەل ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

لۇشۈن ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا چەتئەل ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇشنىڭ جۇڭگو خەلقىنى غەپلەتتىن ئويغىتىش، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي روھىنى قوزغاشتا ۋە جۇڭگونىڭ يېڭى ئەدەبىياتىنى بەرپا قىلىش ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ 1903 - يىلى فىرانسىيىلىك يازغۇچى جولۋېرنىنىڭ «ئايغا ساياھەت» «يەر ئاستىغا ساياھەت» ناملىق ئىلمىي خىيالى ھېكايىلىرىنى ۋە گيوگونىڭ «تەسىراتلىرىم» ناملىق ئەسىرىنىڭ «ھەسرەت» دېگەن قىسمىنى تەرجىمە قىلغان ئىدى. 1907 - يىلى ئۇ چەتئەل ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش بويىچە «شەيتانلارنىڭ شېرى كۈچى ھەققىدە» دېگەن تۇنجى ئىلمىي ماقالىسىنى يازدى؛ 1909 - يىلى «چەتئەل ھېكايىلىرى توپلىمى» دېگەن ئىككىنى تەھرىرلىدى. ئۇ شۇچاغدىن باشلاپ، ھەم ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى؛ ھەم چەتئەل ئەدەبىياتىنى داۋاملىق تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى ۋە

---

ئۇزۇق بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىمىز تەلەپتىن تولىمۇ يىراق. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھازىرقى كەسپىي تەرجىمە ئورگانلىرىنىڭ، بۆلۈملىرىنىڭ تەشكىلىي خىزمىتىنى مۇۋاپىق كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بەرگەندىن تاشقىرى، رايونىمىزدا تىل ئىنستىتوتىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم، ھازىرقى شارائىتتا تىل ئۆگىنىشنى ئاساس قىلغان مەكتەپ كۇرس ۋە سىنىپلاردا تەرجىمە دەرسىنى كۈچەيتىپ، تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە سەنئىتى جەھەتتىكى بىلىملەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم؛ بەزى شەھەر ۋە رايونلاردا كەسپداش ئورگان - تەشكىلاتلارنىڭ بىرلىشىپ تەرجىمانلار كۇرسلىرى ئېچىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەك. شەرت - شارائىتى بار

تەتقىق قىلدى. ئۇ 1935 - يىلىغىچە روس-
ىيەنىڭ ئاتاغلىق يازغۇچىسى گوگولنىڭ
«ئۆلۈك جانلار» ناملىق رومانىنى تەرجىمە
قىلدى، شۇنىڭدىن بىرەر يىل كېيىنلا ئۇ-
نىڭ ساقلىنىپ قالغان قول يازمىلىرىنى
كېسەل يېتىپ تۇرۇپ تەرجىمە قىلىپ
پۈتتۈردى. ئۇ يەنە ۋاپات بولۇشتىن 3
كۈن بۇرۇن ساۋجېڭخۇا تەرجىمە قىلغان
«سوۋېت يازغۇچىلىرىدىن 7 كىشىنىڭ
توپلىمى»غا كىرىش سۆز يازدى. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئېيتىش مۇمكىنكى، لۇشۈننىڭ پۈتۈن
ھاياتىدىكى ئەدەبىي پائالىيىتى چەتئەل
ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش
ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن باشلانغان ۋە
مۇشۇ خىزمەت بىلەن ئاياقلاشقان.

تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، لۇ-
شۈن جەمئىي 14 دۆلەتتىن 100 دىن
ئوشۇق يازغۇچىنىڭ 200 نەچچە خىل ئە-
سىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان ھەم
بۇلارنى 33 كىتابچە قىلىپ باستۇرغان.
بۇلارنىڭ ھەجمى جەنزۇچە خەت سانى
بويىچە 2 يېرىم مىليوندىن ئېشىپ، ئۇنىڭ
ئۆزى يازغان ئەسەرلىرىنىڭ مىقدارىغا
تەڭ كېلىدۇ. ئۇنىڭ تەرجىمە قىلىپ تو-
نۇشتۇرغان ئەسەرلىرى روسىيە بىلەن سو-
ۋېت ئىتتىپاقىنى، ياپونىيە، ئەنگلىيە، فران-
سىيە، گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، گوللاندىيە،
ئىسپانىيە، فىنلاندىيە، پولشا، چېخوسلوۋا-
كىيە، ۋېنگىرىيە رومىنىيە، بولغارىيە قا-
تارلىق مەملىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
بۇلارنىڭ ئىچىدە رومىنىيە بىلەن سوۋېت
ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى يۇ-
قۇرقى ئەسەرلەرنىڭ تەڭدىن تولاراغىنى
تەشكىل قىلىدۇ. لۇشۈن تەرجىمە قىلغان
ئەسەرلەر ئارىسىدا رومان، ھېكايە، شېئىر،
سەھنە ئەسىرى، چۆچەك ۋە ئەدەبىيات -
سەنئەت نەزەرىيىسىگە دائىر ئەسەرلەر بار.
لۇشۈننىڭ ئىجادىيەتلىرىدە، ئۇنىڭ يازغان
زاۋىن، خەت-چەك ۋە خاتىرىلىرىدە، تولۇق-
سىز مەلۇماتقا قارىغاندا، 25 دۆلەتتىن
بولۇپ، جەمئىي 380 نەپەر چەتئەل ياز-
غۇچىسى توغرىسىدا يېزىلغان.

لۇشۈن يېرىم فېئودال، يېرىم مۇس-
تەملىكە جۇڭگودا ياشىدى، ئۇ تەبابەتچىلىك-
نى ئۆگىنىشنى تاشلاپ، ئەدەبىيات ئۆگىنىش-
نى باشلىدى، ئەدەبىي پائالىيەت بىلەن

---

(بېشى 105- بەت سىزىق ئاستىدا)

مەكتەپلەر، كەسپىي تەرجىمانلىق ئورگانلىرى، تەشكىلاتلىرى، مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرى تەرجىمانلارنىڭ ئىشتىن ئاي-رىلىپ تۇرۇپ ياكى ئىشتىن ئايرىلماي تۇرۇپ تەرجىمانلىق بىلىمىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىدىغانلىرىنىڭ ئوقۇشقا، تەتقىق قىلى-شىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى لازىم.

مېنىڭچە، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىم-كانىيەت يار بەرگىنىچە شەرت - شارائىت يارىتىپ، كامچىلىقلارنى تۈگىتىپ، ئارتۇق-لۇقلارنى گۈللەندۈرۈپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىدىغان بولساق، تەرجىمە سېپىمىزنى تولۇقلاپ، قوشۇنىمىزنى كۈچەي-تىپ، تەرجىمە خىزمىتىگە بولغان تەلەپ ۋە ئېھتىياجىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلەيمىز.

شوغۇللاندى، ئۇزىنىڭ سوزى بىلەن ئېيت-
قاندا: "كىشىلىك تۇرمۇشى" نى كوزلەش
كېرەك، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ كىشىلىك تۇر-
مۇشىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. ئۇ چەت-
ئەل ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلىش، تونۇش-
تۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىشتا چەتئەلنىڭ
زۇلمەتلىك ھوكۇمرانلىقىغا قارشى چىقىش،
مىللى ئازاتلىقنى قولغا كەلتۇرۇش ۋە جەمى-
يەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۇرۇشكە دائىر
ئەدەبىياتى ئارقىلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ
جاھانگىرلىككە، فېئوداللىققا قارشى كورىشىنى
ئىلگىرى سۇرۇشنى كوزلىدى، شۇڭا، ئۇ
ئىزىلگۇچى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى زە-
ئىپ دولەتلەر، مىللەتلەر ۋە خەلقلەرنىڭ
ئەدەبىياتىنى، شۇنداقلا "قارشىلىق كورسىتىش-
كە ئىرادە باغلىغان، ھەركەتكە ئۇتتۇشكە
ئىنتىلگەن، بۇ دۇنيادىن بىزار بولغانلار"
نىڭ ئەدەبى ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا
ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئە-
گەر لۇشۇن «4 - ماي» ھەركىتىدىن بۇ-
رۇن چەتئەل ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلىپ
تونۇشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتتە
بوز يەر ئېچىش رولىنى ئوينىدى دېيىل-
دىغان بولسا، «4 - ماي» ھەركىتىدىن
كېيىن، جۇڭگودا ئىنقىلاۋىي ھەركەتنىڭ
ئۇزلۇكسىز راۋاجلىنىشىغا ۋە كېڭەيمىشىگە
ئەگىشىپ، "باشقا دولەتتىن ئوت ئوغرىلاپ
كېلىپ"، "جۇڭگونىڭ، زۇلمەتلىك كېچى-
سىنى يورۇتۇش" ۋە قوزغىلاڭ كوتەرگەن
قۇللارغا ئوغرىلىقچە قورال - ياراق يەت-
كۇزۇپ بېرىپ، بۇ ئىشتا ناھايىتى زور
توھپە قوشتى.

1902 - يىلى ياپونىيىدە ئوقۇ-
ۋاتقان چېغىدىن تارتىپ 1919 - يىلدى-
كى «4 - ماي» ھەركىتىگىچە بولغان ئار-
لىق لۇشۇننىڭ چەتئەل ئەدەبىياتىنى
تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش ۋە تەتقىق
قىلىش بىلەن شوغۇللانغان ئەڭ دەسلەپكى
مەزگىلى ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ياپونىيىدە تۇر-
ۋاتقان چېغىدىلا «يېڭى ھايات» (vita
Nuora) ناملىق ئەدەبى ژورنال چىقىرىش
نىيىتىدە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلگە
ئاشمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ 1909 -
يىلى «سىرتىنىڭ ھېكايىلىرى توپلىمى» دىن
ئىككىنى چىقاردى، بۇ ئىككى توپلامغا
كىرگۇزۇلگەن روسىيە يازغۇچىلىرىدىن ئان-
درېيېپ بىلەن ئارشىننىڭ ئەسەرلىرىنى
لۇشۇن ئوزى تەرجىمە قىلغان ئىدى. لۇ-
شۇن كېيىنكى كۇنلەردە «مەن قانداق قى-
لىپ ھېكايە يازىدىغان بولۇپ قالدىم؟»
دىگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: "ئەمما
ئوزەمدە ئىجات قىلىش نىيىتى يوق ئىدى،
بۇ ئاساسەن تونۇشتۇرۇش، تەرجىمە قىلىش،
بولۇپمۇ ھېكايىلارنى، خۇسۇسەن ئىزىلگۇچى
مىللەتلەر ئىچىدىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەر-
لىرىنى ئېتىۋار بىلەن تونۇشتۇرۇش، تەر-
جىمە قىلىشتىنلا ئىبارەت، خالاس. ئۇ
ۋاقىتلاردا مانجولارنى يەكلەش توغرىسىدا
سوز - چوچەكلەر ئەۋج ئالغانلىقى ئۇچۇن،
بەزى ياشلار چۇقان كوتەرگۇچى ۋە قار-
شىلىق كورسەتكۇچى يازغۇچىلارغا ئەگى-
شەتتى... تەلەپ قىلىنىدىغان ئەسەرلەر چۇ-
قان كوتىرىدىغان ۋە قارشىلىق كورسى-
تىدىغان ئەسەرلەر ئەكەن، شەرقىي ياۋ-

ۋروپاغا ئىنتىلىشىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇ-
قەررەر. شۇڭا روسىيە، پولشا ۋە بالقاندىكى
ئۇششاق دۆلەتلەردىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەسە-
رلىرىنى كۆرگۈچىلەر بەك كۆپ ئىدى." لۇ-
شۈن «ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلىنغان
"ھېكايىلەردىن تاللانما"غا كىرىش سۆز»
دىمۇ ئەشۇنداق سۆزلەرنى قىلغان ئىدى:
"كېيىنچە مەن بەزى چەتئەل ھېكايىلىرىنى
كۆرۈپ بولۇپمۇ روسىيە، پولشا ۋەبالقان-
دىكى ئۇششاق دۆلەتلەرنىڭ ھېكايىلىرىنى
كۆرۈپ، دۇنيادا بىزدىكى ئەمگەكچىلەر ئاممىسى
تەقدىرداش نۇرغۇن ئادەملەرنىڭمۇ بارلىقى-
نى، ھەتتا بەزى يازغۇچىلارنىڭ بۇ يولدا
چۇقان سېلىۋاتقانلىقىنى ۋە كۈرەش قىلىۋات-
قانلىقىنى چۈشەندىم". ئەنە شۇنداق بول-
غىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ «شەيتانلارنىڭ شېئىرى
كۈچى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدا "باش-
قىلاردىن يېڭىلىق ئۆگەنمەي بولمايدۇ" دەپ،
بايرون، شىللېر، پۇشكىن، لېرمونتوپ، ئا-
دام مىتسكېۋىچ، پېتوفى قاتارلىق شائىر-
لارنىڭ ھاياتىنى ۋە ئەسەرلىرىنى تونۇش-
تۇرغان. چۈنكى ئۇلار "قەيسەر، سەممى"
بولۇپ، "قاتتىق چۇقان - سۈرەن سېلىپ،
ئۆز خەلقىنى يېڭى ھاياتقا ئېرىشىش يولىدا،
ئۆز ۋەتىنىنى قۇدرەت تاپتۇرۇش يولىدا
كۈرەشكە چاقىرغان" ئىدى. لۇشۈن چەتئەل
ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان-
دا، "تەرجىمە بىلەن ئىجادىيەتنى تەڭ
تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك، ھەرگىز بۇ-
لارنىڭ بىرىنى يېمىشقا بولمايدۇ"؛ "تەر-
جىمىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ئۆلگە
قىلىش، ئەمەلىيەتتە، ئىجادىيەتكە تۈرتكە

ۋە ئىلھام بولىدۇ" دەپ ھېسابلىغان ئىدى.
لۇشۈننىڭ ئۆزىنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ
بىر مۇنچە ھېكايىلىرىدە چەتئەل ئەدەبىي
ئەسەرلىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىنى قوبۇل
قىلغان.

روسىيە ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك
ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئاستىدا دۆلىتىمىزدە
جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى «4-
ماي» ھەركىتى پارتلىدى، شۇنىڭدىن كې-
يىنلا 1921 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن دۆلە-
تىمىز يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچى-
غا كىردى. لۇشۈن ئۆزىنىڭ ئوكتەبىر
ئىنقىلابىدىن "يېڭى ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرى"
نى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. ئەنە
شۇ چاغدىن باشلاپ 1927 - يىلى ئوپ-
چورسىگىچە لۇشۈننىڭ ئىنقىلابىي دېموكراتىزى-
زىمدىن كوممۇنىزملىق ئىدىيىگە ئۆتۈش
باسقۇچى بولدى. ئۇ چەتئەل ئەدەبىياتىنى
تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇشتىمۇ "ئەتراپلىق
ئىزدىنىش" مەزگىلىگە كىردى. ئۇ بۇ مەز-
گىلدە شەرقى ياۋروپا ۋە شىمالى ياۋروپا-
نىڭ بىر مۇنچە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تەر-
جىمە قىلدى. مەسىلەن: 1921 - يىلى
«ھېكايىلەر» ژۇرنىلىنىڭ «زىيانكەشلىككە
ئۇچرىغۇچى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى» ناملىق
سانىغا «يېقىنقى زامان چېخوسلوۋاكىيە
ئەدەبىياتىغا ئومۇمىي نەزەر»، «كىچىك
رۇس ئەدەبىياتى ھەققىدە بىر نەچچە ئې-
غىز سۆز» دېگەنگە ئوخشاش ماقالىلارنى
تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئۇ يەنە ئۇكرائىنا
شائىرى شېۋچېنكو، ۋېنگرىيە شائىرى پېتو-

فى، بۇلغارىيە يازغۇچىسى ۋازوپ، فىنلاندىيەنىڭ ئايسال يازغۇچىسى مىتىناكاند ۋە ئالگىميا قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئاندىرېيېپ، ئارتسىباشېۋلارنىڭ ھېكايىلىرى بىلەن روسىيەلىك ئەما يازغۇچى ئېروشېنكونىڭ چۆچەك ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنىمۇ تەرجىمە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە گېرمانىيىلىك نىتشېنىڭ «سارادۇستىرا شۇنداق دېگەن» ناملىق ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزى بىلەن گوللاندىيىلىك ۋان ئېدېننىڭ چۆچەك ئەسىرى «كىچىك يوھاننا»نى تەرجىمە قىلدى، ياپونىيە ئەدەبىياتى جەھەتتە، لۇشۈن شىماۋۇ مۇشۇشى، سىن ئۇۋەي، يوداۋۇۋۇلاڭ، جىبى چۈەن لۇگزىجىپ قاتارلىقلارنىڭ ھېكايىلىرىنى، ۋۇجى شىياۋلۇشىدۇنىڭ سەھنە ئەسىرىنى، خېجىيە نيوبۇنىڭ ژاۋبىنلىرىنى شۇنىڭدەك چۈچۈەن بەيسۇننىڭ «دەرت-ھەسرەت سىمۋولى»، «پىل چىشى مۇنارىسىدىن چىققان» دېگەنگە ئوخشاش ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىگە دائىر ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدى. لۇشۈننىڭ بۇ ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشى ھەرگىز ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلەردىكى كۆز قاراشلارغا تولۇق قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. لۇشۈن بۇ ئەسەرلەرنى تاللاپ تەرجىمە قىلغاندا ئۇلاردىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونىڭ شۇ كەمدىكى ئىللەتلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە تەرجىمە ئەسەرلەرگە كىرىش سۆز ۋە خاتىمە يېزىپ، تەنقىدى نۇقتىئىنەزىرى بىلەن ئۇلارغا باھا بەردى. مەسىلەن: ئۇ، ئېروشېنكونىڭ چۆچەكلىرىنى تەرجىمە قىلغان چاغدا سۇنداق دەپ يازغان: "راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ شۇ چاغدىكى مەقسىدىم خورلانغۇچىلارنىڭ قايغۇلۇق سادالىرىنى كەڭ تارقىتىش ۋە خەلقىمىزنىڭ زوراۋانلارغا بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس". ئۇ ۋۇجى شىياۋلۇشىدۇنىڭ «بىر ياشنىڭ چۈشى" ناملىق سەھنە ئەسىرىنى تەرجىمە قىلغاندا: "مەن بۇ سەھنە ئەسىرىنى جۇڭگونىڭ كونا ئىدىيىسىدىكى بىر مۇنچە كونا كېسەللەرگە شىپا بولارمىكىن، دەپ ئويلىغان ئىدىم" دەپ يازغان.

1927 - يىلىدىن باشلاپ لۇشۈن جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن خېلى قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى، بولۇپمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «12 - ئاپرېل» ۋە «15 - ئاپرېل» ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىشنى پەيدا قىلغاندىن كېيىن، ئۇ سىنىپىي كۈرەشنىڭ قانلىق ساۋاقلىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىچ-باغرىنى تەلەپچانلىق بىلەن يېرىپ كۆرۈپ، ئىدىيىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش ياسىدى. ئۇ "تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى"گىلا ئىشىنىپ كېتىش ئېغىشىنى تۈزىتىپ، ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئىگىلەپ ئۆگىنىپ، يېڭى دۇنيا قاراشنى تىكلەشكە كىرىشتى، ئۆزۈل-كېسىل ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچى بولۇشتىن، ئۇلۇغ كوممۇنىزمچى بولۇشقا ئۆتتى. مۇشۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر بولغان مەزگىل ئۇ چەتئەل ئەدەبىياتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان ئەڭ شانلىق مەزگىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەدە-

شۇ "جاھاننى زۇلمەت باسقان" "سادامۇ ئاڭلانمايدىغان جۇڭگو" دا، جۇڭگو خەلقى جاھانگىرلىك، فېودالىزىم ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئېغىر زۇلمى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا لۇشۈن خۇددى قەدىمى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئەڭ يۈكسەك پىرىشتە پىرومېتۇس ئاسماندىكى ئوتنى ئوغرىلاپ ئىنسانىيەت ئالەمگە ئېلىپ كەلگەندەك، جۇڭگو ئىنقىلاۋى كۈرىشىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن "جەڭگىۋار ئەسەرلەرنى" تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇشنى "تېخمۇ مۇھىم" دەپ بىلدى. جۇڭگونىڭ ئىنقىلاۋى ئەدەبىيات - سەنئەت نەزىرىيىسىنى بەرپا قىلىش، سول قاناتلارنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت ھەركىتىنى نەزىرىيە قورالى بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، لۇشۈن ماركىزىملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزىرىيىسىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى. بۇ ئەسەر ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە «ئىلمى سەنئەت نەزىرىيىسى توپلىمى» قىلىپ نەشر قىلىندى. 1929 - يىلى ئۇ پىلخانوپنىڭ «سەنئەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى بىلەن، لۇناچارىسكىنىڭ «سەنئەت - توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنى تەرجىمە قىلدى. ئۇ يەنە «ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئەت مەجمۇئەسى» نى تۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇردى. ئۇ 1930 - يىلى فادىيېۋنىڭ «تارمار» رومانىنى ئۆز قولى بىلەن تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى. ساۋجىڭخۇا تەرجىمە قىلغان سىرافىموۋىچنىڭ «تۆمۈر ئېقىن» ناملىق مەشھۇر رومانىنى ئۆزى پۇل خەشلەپ نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتاپلار گومىنداڭ مەدەنىيەت جەھەتتە "قورشاپ يوقىتىش" ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنتايىن مۇشكۇل شارائىتتا نەشر قىلىنغان. لۇشۈن ئالدىنقى ئىككى باسقۇچتا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان چەتئەل ئەدەبى ئەسەرلىرى "ئومۇمەن چۇقان سېلىش، ئىنگراش، نامراتلىق، كۆڭۈلسىزلىكلەردىن كۆپ دېگەندىمۇ كىچىككىنە جان تالىشىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس دېيىلگەن" تەقدىردىمۇ، بۇ مەزگىلدە تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان نەرسىلەر "جەڭگىۋار ئەسەرلەر" ئىدى. بۇ مەزگىلدە لۇشۈن يەنە ئىنقىلاۋىي بالىلار ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى. مەسىلەن: ئاۋىستىرىيىلىك ئايال يازغۇچى زۇر مۇخلىنىڭ «كىچىك پېتىر» ناملىق ئەسىرى بىلەن سوۋېت يازغۇچىسى باندىرىيېپنىڭ «سائەت» ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلدى. يەنە گوگول، چىخوپلارنىڭ ھېكايىلىرى بىلەن گوركىنىڭ چۆچەكلىرىنى تەرجىمە قىلدى. لۇشۈن تەرجىمە قىلغان گوگولنىڭ «ئۆلۈك جانلار» ناملىق رومانى ئۇنىڭ پۈتۈن تەرجىمە خىزمىتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى شۇنداقلا ئەڭ يۈكسەك مۇۋاپىقىيەت بولۇپ قالدى.

لۇشۈن- تەرجىمە خىزمىتى بويىچە ئەمەلىيەتچى بولۇپلا قالماي، بەلكى تەرجىمە نەزىرىيىچىسى. ئۇ تەرجىمە ئەمەلىيەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يالغۇز ئۆزى چەتئەل ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى «نامىيىز

رىداكسىيە»، «سەھەر غۇنچىسى» رىداكسىيەسىنى تەشكىللەپ، «كوكول مەيدان»، «جىددى ئېقىن»، «ئۈندۈرمە»، «تەرجىمىلەر» دىگەنگە ئوخشاش ژورناللارنى چىقاردى، «ئىلمى سەنئەتكە دائىر مەجمۇئەلەر»، «ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئىتىگە دائىر مەجمۇئەلەر»، «ئەدەبىيات - سەنئەت تەرجىمىلىرى مەجمۇئەسى» گە مۇھەررىرلىك قىلدى، چەتئەللەرنىڭ نۇرغۇن ئەدەبى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى، تەرجىمە ئىشى بويىچە نۇرغۇن يېڭى كۈچلەرنى جان كويدۇرۇپ يېتىشتۈردى، كەڭ چەتئەل ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرى ۋە تەرجىمانلىرى بىلەن ئىتتىپاقلاشتى، ئىنقىلاۋي ئەدەبىيات قوشۇنىنى زورايتتى. لۇشۈن تەرجىمە نەزەرىيىچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەممىدىن بۇرۇن ئىنقىلاۋىي مەيداننى ئاساس قىلىپ، تەرجىمە ساھەسىدىكى تۈرلۈك خاتا ئىدىيە ۋە خاتا خاھىشلارغا قارشى ھارماي - تالماي كۈرەش قىلدى. خۇسۇسەن، ئۇ يازغان «"قاتمال تەرجىمە» ۋە «ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىلىكى» (1930) «تەرجىمە توغرىسىدا خەت» (1931)، «تەرجىمىنى ئاقلايمەن» «تەرجىمە توغرىسىدا» (1933)، «تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا»، «يەنە تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا» (1934)، «تەكرار تەرجىمە قىلمايمۇ بولمايدۇ» ۋە «"ماۋزۇسى قويۇلمىغان" ماقالىنىڭ كۆپىيىسى» (1935) ۋە باشقىلار ئىنتايىن مۇھىم ماقالىلار ھېساپلىنىدۇ، بۇلاردا ئۇنىڭ تەرجىمە توغرىسىدىكى نۇقتىنەزەرلىرى ۋە تەشەببۇسلىرى بايان قىلىنغان.

لۇشۈن "ئۇدۇل (تۈپ - تۈز) تەرجىمە" نى يەنى تەرجىمىنىڭ ئىمكان قەدەر ئەسلىگە سادىق بولۇشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "تەرجىمىدە ئىككى تەرەپكە ئوخشاش ئېتىۋار بېرىش كېرەك: بىر تەرەپتىن، چۈشىنىشلىك قىلىشقا تىرىشىش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسلى ئەسەرنىڭ تۈرقى - سىياقىنى ساقلاش كېرەك" («"ماۋزۇسى قويۇلمىغان" ماقالىنىڭ كۆپىيىسى» گە قارالسۇن). شۇنداق قىلىپ، مۇمكىن قەدەر چەتئەل ئەدەبى ئەسەرلىرىنى "ئۆزلەشتۈرۈۋېتىش" كېرەكمۇ ياكى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئەجنەبىلىك پۇراقنى ساقلاپ قېلىشى كېرەكمۇ، دىگەن مەسىلە ھەل قىلىندى. ئاندىن كېيىن لۇشۈن تەرجىمىدە دۇرۇس بولۇشنىڭ ئاساس، راۋان بولۇشنىڭ قوشۇمچە قىلىنىشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "مەن ھازىرغىچە راۋان بولمىسا مەيلىكى دۇرۇس بولسۇن دەپ تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتىمەن، دىمەك، "تەرجىمە يېڭى مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈش بىلەنلا قالماستىن، يېڭى ئىپادىلەش شەكىللىرىنىمۇ كىرگۈزىدۇ." "بۇلارنىڭ بىر قىسمى راۋانسىزلىقتىن راۋانلىققا ئۆتىدۇ، بىر قىسمى بولسا تېگىدىن راۋانسىز بولغانلىقى ئۈچۈن شاللىنىپ چىقىپ تىپىك يەيدۇ" («تەرجىمە توغرىسىدا خەت» كە قارالسۇن).

لۇشۇن يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان تەرجىمە توغرىسىدىكى ماقالىلىرىدا ئاتالمىش "ئۆلۈك تەرجىمە"، "قاتمال تەرجىمە" توغرىسىدا گەپ ـ ساتقۇچىلارنى نىشانلاپ تۇرۇپ پىپەن قىلغاندا، جۇڭگو تارىخىدىكى "تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا بۇددا نوملىرىنى مەنىسىن تەرجىمە قىلىش" تەجرىبىسىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاشتەك توغرا پىرىنسىپىنى قوبۇل قىلغان. تەرجىمىدە "بىر تەرەپتىن، ئىمكان قەدەر چەتتىن قوبۇل قىلىش كېرەك، يەنە بىر تەرەپتىن ئىمكان قەدەر ھەزىم قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا، كارغا يارايدىغانلىرى ئۆمۈر سۈرۈپ كېتىۋېرىدۇ، داشقاللىرى چۈشۈپ قېلىۋېرىدۇ" («تەرجىمە توغرىسىدا خەت» كە قاراڭ). شۇڭا، "قاتمال تەرجىمە" دە مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال ئۇچرايدۇ: بىرى، يېڭىچە جۈملە تۈزۈش ئۇسۇلى دەماللىققا غەلىتە تۇيۇلغانلىقتىن ئۆزى ماڭغان "قاتمال تەرجىمە" يولىغا قايتىپ كېلىش، يەنە بىرى، يات تۇيۇلغان جۈملە تۈزۈش ئۇسۇلىدىكى «قاتمال تەرجىمە» دىن ۋاز كېچىش. دەر ۋەقە، لۇشۇننىڭ قۇۋۋەتلىگىنى بىرىنچى خىلدىكى ئەھۋال. لۇشۇن يەنە كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. مەملىكىتىمىزدە بۇرۇن ئەسلى ئەسەرنى بىۋاستە تەرجىمە قىلىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، نۇرغۇن چەتئەل ئەدەبىي ئەسەرلىرى باشقا تىللاردىكى تەرجىمىسىدىن تەرجىمە قىلىشقا توغرا كەلگەن، بۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن زۆرۈر ئىدى. لۇشۇن «تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: "جۇڭگولۇقلار چەتئەل تىللىرىدىن، ئېھتىمال، ئېنگلىز تىلىنى ھەممىدىن كۆپ بىلىدۇ، ئاندىن قالسا ياپونچىنى بىلىدۇ. ئەگەر تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىنمايدىغان بولسا، بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىنىڭلا ئەدەبىي ئەسەرلىرى بولۇپ قالىدۇ؛ ئىبىن سىنا، ئىبىن نىياز بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ناھايىتى ئومۇملىشىپ كەتكەن ئاندىرسون چۆچەكلىرىنىمۇ، سېرۋانتېسنىڭ «دون كىخوت ئەپەندى» سىنىمۇ كۆرۈشكە مۇۋاپىق بولالمايمىز. ئۇنداق بولغاندا، نەزەر دائىرىمىز نەقەدەر بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ." تەرجىمىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن لۇشۇن ئەينى ۋاقىتتا جەمئىيەتتە كۆتۈرۈلگەن چاپ ـ چاپ تەرجىمە، قالايمىقان تەرجىمە شامىلىنى كۆزدە تۇتۇپ تەكرار تەرجىمىنى تەشەببۇس قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: "يېزىق ئەدەبىي تىلدا تەرجىمە قىلىنغانلىرىنى ئەمدى ئومۇمىي ئەدەبىي تىلدا تەرجىمە قىلىش كېرەك، بۇنىڭدا گەپ يوق. ئىلگىرى ئومۇمىي ئەدەبىي تىلدا تەرجىمە قىلىنغانلىرى خېلى ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ، كېيىنكى تەرجىمانلارنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق تەرجىمە قىلىشقا كۆزى يەتسە، يەنە بىر قېتىم تەرجىمە قىلىپ باقسىمۇ بولىۋېرىدۇ، بۇنىڭغا تۈزۈت قىلىش كېرەك ئەمەس، تېتىقسىز كۆت ـ كېۋەت گەپلەرگە پەرۋا قىلىشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق.

كونا تەرجىمىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇزىنىڭ يېڭى چۈشەنچىلىرى بىلەن تەرجىمە قىلسا، كامالەتكە يەتكۈزگەندەك مۇكەممەل نۇسخىسىنى ۋۇجۇتقا چىقىرالايدۇ، ئەمما، تىل زامانغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن كەلگۈسىدە يەنە يېڭىدىن تەكرار تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. 7 – 8 قېتىم تەرجىمە قىلىنىشمۇ ئەجەپلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەمەلىيەتتە، جۇڭگودا 7 – 8 قېتىم تەرجىمە قىلىنغان ئەسەر بولسا كاشكى.» («تەكرار تەرجىمە قىلمايمۇ بولمايدۇ» غا قارالسۇن). لۇشۇننىڭ تەرجىمە مەسىلىسى توغرىسىدىكى بۇ تەشەببۇسلىرى بىزنىڭ ھازىرقى تەرجىمە خىزمىتىمىز ئۈچۈن ئوخشاشلا مۇئەييەن يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

. . . لۇشۇننىڭ تەرجىمە خىزمىتىدىكى ئەستايىدىل، جىددى ۋە جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماس پوزىتسىيىسى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەڭ ئەرزىيدۇ. لۇشۇن مۇنداق دېگەن ئىدى: "مەن ئەزەلدىن تەرجىمە قىلىشنى ئىجات قىلىشتىن ئاسان، چۈنكى ھېچبولمىغاندا پىكىر يورۇگۇزۇشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ ئويلايتتىم. لېكىن، راستىن تەرجىمىگە تۇتۇش قىلغاندا، قىيىن ئوتكەللەر دۇچ كېلىدىكەن، مەسىلەن: بىرەر ئىسىم ياكى پېئىلنى تاپالماي قالغاندا، ئىجات قىلىپ يازغاندا تاشلاپ كېتىش مۇمكىن بولسىمۇ، تەرجىمە قىلغاندا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، خۇددى جىددى ئېچىش زورۇر بولۇپ قالغان ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى مىڭىدىن ئىزلىگەندەك، تاكى باش قاڭگىراپ كۆز تورلاشقىچە ئويلاشقا توغرا كېلىدىكەن؛" («"ماۋزۇسى قويۇلمىغان" ماقالىنىڭ كوپىيىسى»گە قارالسۇن). بىز لۇشۇننىڭ گوللاندىيىلىك يازغۇچى ۋان ئېدىنىڭ «كىچىك يوھاننا» ناملىق چوچەكلىرى، سوۋېت يازغۇچىسى پاندىرىيېپنىڭ «سائەت» ناملىق چوچەكلىرى، روسىيىلىك كىلاسسىك يازغۇچى گوگولنىڭ «ئولۇك جانلار» ناملىق رومانىغا ئوخشاش ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغاندا يازغان كىرىش سوز ۋە ئاخىرقى سوزلىرىدىن ئۇنىڭ قىلچە بوشاشماي تەتقىق ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېنىق كورۇۋالالايمىز. بولۇپمۇ ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا «ئولۇك جانلار» رومانىنى تەرجىمە قىلغاندا، ئۇنى توغرا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن، «ئولۇك جانلار»نى تەرجىمە قىلىش بەكمۇ تەس ئىكەن ...... راستىلا ئېغىر جىسمانى ئەمگەك قىلغاندەك ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم.» (1935 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شياۋجۈن شياۋخۇڭلارغا يېزىلغان خەتكە قارالسۇن)؛ تەرجىمە قىلغاندا «قولۇمدىن لوغەت چۈشمىدى، ئىنىمدىن سوغاق تەر كەتمىدى» ("ماۋزۇسى قويۇلمىغان" ماقالىنىڭ كوپىيىسى»گە قارالسۇن)؛ «گوگولنىڭ ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىش ماڭا بەك ئېغىر كەلدى، ئىككى باپنى تەرجىمە قىلىپ قولدىن چىقارغاندا، بىر قېتىم كېسەل تارتقاندەك بولۇپ كەتتىم» (1935 - يىل 6 - ئاينىڭ 28 كۈنى خۇفىڭغا يېزىلغان خەتكە قارالسۇن) دېگەن. لۇشۇن ئېغىرمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئىرىشقان

ھالدا تەرجىمە قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. ئۇ «ئۆلۈك جانلار»نىڭ ئىككىنچى قىسمىنىڭ ساقلىنىپ قالغان قول يازمىسىنى تەرجىمە قىلىپ بولغان چاغ 1936 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بولۇپ، بۇ چاغدا ئۇ كېسەل ئىدى، ئۇ ۋاپات بولۇشتىن سەل ئىلگىرى «ئۆلۈم» سەرلەۋھىلىك ماقالا يازغان بولسىمۇ، لېكىن «ئۆلۈم»نى زادىلا خىيال قىلغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئويلىغىنى "تېزدىراق ئىشلەپ پۈتتۈرۈش"، ئۇ يەنىلا "قانداق ماقالا يازسام بولا، قايسى كىتاپلارنى تەرجىمە قىلسام ياكى باستۇرسام بولار" دەپ ئويلىغان. ئۇنىڭ بۇنداق نەپەستىن توختىغىچە كۈرەشنى توختاتماسلىق روھى ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات ئىشلىرىغا بولغان چەكسىز ساداقىتىدىن كەلگەن.

لۇشۈن ئۆزىنىڭ ئۆمۈر بويى چەتئەل ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى چەتئەلنىڭ ئوتى بىلەن جۇڭگونىڭ زۇلمەتلىك كېچىسىنى يورۇتۇش، خەلققە يولۇنۇش كۆرسىتىپ بېرىش، خەلقنىڭ جەڭگىۋار ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش، دەپ بىلگەن. ئۇ زۇلمەتلىك فېئوداللىق ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا گومىنداڭنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي "قورشاپ يوقىتىش"نى ھەم "قىلىچ - جادۇلار" ئىچىدە تۇرۇپ ئاخىرقى نەپەسكىچە كۈرەش ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ بۇ خىزمىتى جۇڭگو بىلەن چەتئەل خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپلا قالماستىن شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگودا ئىنقىلاۋىي ئەدەبىياتنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۆسۈشى ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئىنقىلاپ ۋە ئازاتلىق يولىدىكى ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ زور تۆھپە قوشتى.

(«تەرجىمە خەۋىرى» ژورنىلىنىڭ 1981 - يىل 4 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

**ئە. يارى تەرجىمىسى**

(بېشى 117 - بەتتە)

2. ۋاسكېتبول ھەركىتىدىكى توپ يورغىلىتىش (运球). بۇ ئاتالغۇ ۋاسكېتبول ھەركىتىدە ئاساسى تېخنىكىلىق ئاتالغۇ بولۇپ، توپنى قول بىلەن مەلۇم سۈرئەتتە ئېلىپ مېڭىشقا قارىتىلغان. بۇ خۇددى ئاتنىڭ يورغىسىغا ئوخشاش تەكشى بولىدۇ. دېمەك ئاتنىڭ ھەركەت شەكلىگە ئاساسەن «توپ يورغىلىتىش» دەپ ئاتاش ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

(داۋامى 51 - بەتتە)

# تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىس مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپلىرىنىڭ ئىسملىكى

**رەئىس:** ئابدۇسالام ئابباس

**مۇئاۋىن رەئىس:** توقتارقان، جۇيىڭۇ، خاسكىباي، ئىمىن تۇرسۇن.

**باش كاتىپ:** ئىمىن تۇرسۇن (قوشۇمچە)

**مۇئاۋىن باش كاتىپ:** ئېلى ئابىت، غىلاجىددىن ئوسمان.

## تەرجىمانلار جەمئىيىتى مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى

ئىبرايىم مۇتىئى، نىغمەت مىڭجانى، كەيىمىڭ، باھار رەھمى، ئەزىز يۇسۇپ، مايۇڭۇيېن، روزى تۇردى، نۇر دوللا، مەۋلۇتقان.

## تەرجىمانلار جەمئىيىتى ئىجرائىيە ھەيئىتى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئىسملىكى

ئابدۇسالام ئاببىاس، توقتارقان، جۇيىڭۇ، خاسكىباي، ئىمىن تۇرسۇن، جامالىددىن مۇھەممەدى، ئابدىبېك، توختى باقى، لىجاۋسىڭ، ئاقمىيا، ماۋيېخېن، مېڭدې، تۇرسۇن پالتۇ، ئومەر جان، ئومەر توختى، لىڭ سۇڭچۈن، نارىمان، نىياز، ئىكتەنتەي ئېلى ئابىت، غىلاجىددىن ئوسمان.

## تەرجىمانلار جەمئىيىتى ئىجرائىيە ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ ئىسملىكى

(ھەرىپ تەرتىۋى بويىچە)

| | | |
|---|---|---|
| ئابدۇسالام ئاببىاس | ئۇيغۇر | تىل - يېزىق كومىتېتى |
| ئابدىبېك | قازاق | ئىلى گېزىتى |
| ئابلىز | ئۇيغۇر | قاراماي |
| ئابلىكىم | ئۇيغۇر | شىنجاڭ ھەربىي رايون |
| ئاۋىنخوا | ئۇيغۇر | پارتىيە مەكتىپى |
| ئاقمىيا | قازاق | رادىئو ئىستانسىسى |
| باسەڭ | موڭغۇل | شىنجاڭ گېزىتى |
| باقتىغان | قازاق | مائارىپ نەشرىياتى |
| توقتارقان | قازاق | تىل - يېزىق كومىتېتى |
| توختى باقى | ئۇيغۇر | خەلق نەشرىياتى |

| | | |
|---|---|---|
| تۇرسۇن پالتو | ئۇيغۇر | رايونلۇق خەلق ھوكۇمىتى |
| داۋۇت | ئۇيغۇر | قەشقەر گېزىتى |
| ئەزىمقان | قازاق | خەلق نەشرىياتى |
| ئەيرىنسەي | موڭغۇل | بايىنغولىن ئوبلاست |
| ئەنىۋەر | قازاق | ئىلى نەشرىياتى |
| جامالىددىن ھەبىبول | ئۇيغۇر | چارۋىچىلىق نازارىتى |
| جامالىددىن مۇھەممەدى | ئۇيغۇر | خەلق نەشرىياتى |
| چېك فامىك | خەنزۇ | خوتەن ۋىلايىتى |
| جاۋ يۈمىك | خەنزۇ | ئۈرۈمچى شەھرى |
| جۇجەنگو | ئۇيغۇر | قارىقاش ناھىيە |
| جۇيىڭۋۇ | خەنزۇ | رايونلۇق پارتكوم |
| خاسىمكباي | موڭغۇل | خەلق نەشرىياتى |
| ئورازبېك | قازاق | شىنجاڭ گېزىتى |
| ئومەر توختى | ئۇيغۇر | شىنجاڭ گېزىتى |
| ئومەرجان | ئۇيغۇر | رايونلۇق پارتكوم |
| ساتتار | ئۇيغۇر | يېزا ئىگىلىك كومىتېتى |
| ساۋ جوڭچىك | خەنزۇ | ئالتاي ۋىلايىتى |
| رامىزان | ئۇيغۇر | مائارىپ نەشرىياتى |
| ۋاڭ شىرىن | خەنزۇ | بوزيەر ئوزلەشتۈرۈش ئىدارىسى |
| ۋېي جېڭكې | خەنزۇ | ئاقسۇ ۋىلايىتى |
| قېلىچ | قىرغىز | رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بولۇم |
| ئىسمايىل ئىبرايىم | ئۇيغۇر | قومۇل پارتىيە مەركىتىۋى |
| ئىكتەنتەي | شىۋەر | چاپچال گېزىتى |
| ئېلى ئابىت | ئۇيغۇر | تىل - يېزىق كومىتېتى |
| ئىلىياس | ئۇيغۇر | رادىئو ئىستانسى |
| ئىمىن تۇرسۇن | ئۇيغۇر | خەلق نەشرىياتى |
| ياسىن | ئۇيغۇر | تۇرپان ۋىلايىتى |
| ياڭ جىڭچۈن | خۇيزۇ | قۇتۇبى ناھىيە |
| ياڭ يۈك | خۇيزۇ | ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم |
| گۈەن يانەن | شىۋە | بورتالا ئوبلاست |
| غىلاجىددىن ئوسمان | تاتار | تىل-يېزىق كومىتېتى |
| غوجەك | ئۇيغۇر | ياشلار نەشرىياتى |

| | | |
|---|---|---|
| لىلق سوكىپۇن | خەنزۇ | ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| لى جاۋمىڭ | خەنزۇ | ج خ نازارىتى |
| ماۋدىخەن | خۇيزۇ | شىنجاڭ داشۆې |
| ماۋىنلى | خۇيزۇ | كۇچار ناھىيىسى |
| مەھەممەت ئابدۇللا | ئۇيغۇر | باينغۇلىن ئوبلاست |
| مەھەممەتجان | ئۇيغۇر | بورىتالا ئوبلاست |
| مەمەت ئىمىن | ئۇيغۇر | قاتناش نازارىتى |
| مەدەلخان | تاجىك | تاشقۇرغان |
| مەۋكەن | قازاق | ئالتاي ۋىلايىتى |
| موختىجان | تاتار | مورى ناھىيىسى |
| مىڭ دې | مۇڭغۇل | رادىئو ئىستانىسى |
| مېي يۇڭشىياڭ | داغۇر | چوچەك ۋىلايىتى |
| نارىمان | قازاق | كىنو ئىستودىيىسى |
| نۇقان | قازاق | شىخەنزە ۋىلايىتى |
| نىياز | قىرغىز | قىزىلسۇ ئوبلاست |

**بىر نەچچە تەنتەربىيە ئاتالغۇسى ھەققىدە تەكلىپ**

( شىنجاڭ تەنتەربىيە مەكتىۋىدىن ياسىن قاسىم )

1. توپ ھەيدەش — فوتبول ھەرىكىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇ، شۇنداقلا ئاساسى تېخنىكىلىق ھەرىكەتلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇ فوتبولچىنىڭ توپنى ئالدىغا سېلىپ مەلۇم سۈرئەت بىلەن ئالغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەت شەكلى خۇددى ئادەمنىڭ قوش سېلىپ يەر ھەيدەيدىغان ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. بەزى يولداشلار "توپ ھەيدەشنى" (带球) "توپ ئېلىپ مېڭىش" دەپ تەرجىمە قىلغان. بۇ سۆز مەۋھۇم پېئىل بولغاچقا توپنى قانداق ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش تەس، شۇڭا توپ ھەيدەش دەپ ئاتىغان تۈزۈك.

(داۋامى 114 -بەتتە)

ئېيتىمپ قويۇش كېرەك. ئەۋەتكەن ماقالە، ئومۇمەن، قايتۇرۇلمايدۇ، ئاپتور ئۆزى كۆپىيە قالدۇرۇش لازىم. ژۇرنىلىمىزنىڭ تەھرىر بولۇمى ماقالىلارنى قايتىدىن كۆرۈپ ئىشلەش جەريانىدا، بەزى تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزىدۇ، تۈزىتىشنى ماقۇل كۆرمەيدىغانلار ئالدىن-ئالا بىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشى كېرەك.

**«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى**
**تەھرىر بولۇمى**

# ژۇرنالغا ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى پارتىيىنىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق فاڭجېنى ۋە سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، مىللەتلەر تىللىرى ۋە مىللىي تىللار تەرجىمىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى، خىزمەتتىكى تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش، تىل ۋە تەرجىمە بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، تىل خادىملىرى ۋە كەڭ تەرجىمانلارنىڭ ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تىل ۋە تەرجىمە قوشۇنىنى بىر-بىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىش، كەڭ تىل خادىملىرى ۋە ھەر مىللەت تەرجىمانلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى ۋە تەرجىمە ئىشلىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى بولۇپمۇ ئاۋتونومىيە سىياسىتى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ توپ ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكىدەك مەزمۇندىكى ماقالىلار قوبۇل قىلىنىدۇ:

1 - تىل تەتقىقاتىغا (تىلنىڭ ھەممە ساھەسى بويىچە) دائىر ماقالىلار؛

2 - تىل - يېزىق خىزمىتى ۋە تىل ئوقۇتۇشىدىكى تەجرىبىلەر؛

3 - مىللەتلەر تىللىرىنىڭ ئۆز ئارا سېلىشتۇرما تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلار؛

4 - يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇشقا دائىر ماقالىلار؛

5 - مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا تىل ئۆگىنىشىدىكى تەجرىبە - ساۋاق ۋە ئۇسۇللار؛

6 - تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە تەرجىمە تېخنىكىسىغا ئائىت ماقالىلار؛

7 - تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە يەكۈنلەنگەن تۈرلۈك تەجرىبىلەر؛

8 - ھەرخىل تەرجىمە ئەسەرلىرى توغرىسىدا ئوبزورلار؛

9 - تەرجىمە خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەر توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار ۋە يېڭى پىكىرلەر؛

10 - تىل ۋە تەرجىمە ساھەسىدە جۇڭگودا ۋە چەتئەلدە بولۇۋاتقان تەتقىقات ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلار؛

11 - ۋە باشقىلار.

ماقالىنىڭ شەكلى چەكلەنمەيدۇ، ماقالە بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكى، ئىمكان قەدەر قىسقا، ئىخچام، مەزمۇنلۇق، ئىلمىي بولۇشى كېرەك. ماقالە ئارگىنالغا ئېنىق، رەتلىك، چىرايلىق كۆچۈرۈلۈشى، ئەۋەتكۈچىنىڭ ئادرېسى ۋە ئىسمى ئوچۇق يېزىلىشى لازىم. بىر ماقالە بىر ئورۇنغا ئەۋەتىلىدۇ. مۇبادا، شەخسنىڭ ئۆزىدە ماقالىنى باشقا جايغا ئەۋەتىش خىيالى بولسا، ژۇرنىلىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە

(داۋامى 117- بەت سىزىق ئاستىدا)

# تىل ۋە تەرجىمە

## (پەسىللىك ژورنال)

**1982 - يىل 1 - سان**


تۈزگۈچىسى : ش ئۇ ئا ر مىللى تىل - يېزىق كومىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر تەرجىمانلار جەمئىيىتى «تىل ۋە تەرجىمە» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇا نەنلۇ كوچىسى 41 - قورۇ

تېلېفون نومۇرى: (25711)

نەشر قىلغۇچىسى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

باسقۇچىسى : ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇدى

تارقاتقۇچىسى : ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پوچتىخانىلار

ش ئۇ ئا ر قەرەللىك ژورناللارنى تىزىملاش گۇۋاھنامە نومۇرى: 043

ۋاكالەت نومۇرى: 16 - 58 باسما تاۋاق: 7.5 باھاسى: 0.44 يۈەن